ئەسەرلەر گۈلىستانى

# كىشىگە سەۋر كېرەكتۇر

## (لەيلى ـ مەجنۇن)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# كىشىگە سەۋر كېرەكتۇر

(لەيلى ـ مەجنۇن)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: پاتىگۈل ئىمىن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

耐心是必备的美德：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-759-7

Ⅰ. 耐… Ⅱ.阿… Ⅲ.维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024517 号

从 书 名　经典之花系列丛书
本册书名　耐心是必备的美德
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　帕提古丽·依明
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-759-7
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلستانى
**كىتاب ئىسمى:** كىشىگە سەۋر كېرەكتۇر
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** پاتىگۈل ئىمىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:**
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-759-7
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زاماننىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «كىشىگە سەۋر كېرەكتۇر» دېگەن كىتابتا بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 – 1501) نىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

دېڭىز دولقۇنى ھەدەپ قىرغاققا، پۇتلىرىمغا ئۇرۇلماقتا، بۇ دۇنيادا پەقەت مەنىلا مەۋجۇتتەك. سەللا ئالدىمغا ماڭسام دولقۇن مېنىمۇ بىللە ئەكىرىپ كېتىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ قەلبىمدە توختىماي ئۆركەشلەيتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ دېڭىز بويىدا كۆپ قېتىم يېگانە مېڭىپ يۈرگەنلىرىمدە مەندە بۇ خىل ھېسسىيات بولۇپ باقمىغان، گويا تىلسىمات دۇنياسىدىكىدەك ئاسمىنى كۆك، سۈيى سۈزۈك بۇ چوڭ ئارالنىڭ يىراق - يېقىندىكى پالما دەرەخلىرى، بانان دەرەخلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ساماۋى چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەللىكىگە مەستخۇش بولغان شۇ پەيتلەردە ئىلگىرى پەقەت تېلېۋىزوردىلا كۆرۈپ تەگرىنىڭ شۇنداق گۈزەل يەرلىرىگە مېنىڭمۇ بىرىش پۇرسىتىم بارمىدۇ، دەپ ئويلىغانلىرىم ئەسكە چۈشتى.

نىھايەت، گۈزەل شېرىن چۈشلىرىم مەن ئويلىغاندىنمۇ بالدۇر ئەمەلىيەتكە ئايلىنىپ، كۆز ئالدىمدىكى دېڭىزدىن مانا چۈشلىرىڭ ئەمدى رېئاللىققا ئايلاندى، خالىغىنىڭنى قىل دېگەندەك سادا سادا كېلىۋاتاتتى، ئەلۋەتتە مەن بۇ خىل مۆھتىنى ئارزۇلاپ كەتمىگەنىدىم، بۇ دۇنيادا مەنىلا بار، ئۆز - ئۆزۈمنىلا تونۇيمەن، باشقىلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل، ئەمما سىز قارىمىسىڭىزمۇ سىزگە قاراپ كۈلۈپ قويىدىغان بۇ

يات ئەل خەلقى مەندە ئاجايىپ تەسىراتلارنى قالدۇردى. مەنمۇ كىچىكىمدىن تارتىپ مۇشۇ يەردە، مۇشۇ كىشىلەر بىلەن چوڭ بولغاندەك نە قورۇنۇش، نە قورقۇش، نە خۇدۇكسىرەش يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ خىياللىرىم بۇ كىشىلەر بىللە بىلەن ئەمەس ئىدى. سىم ـ سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، بىردىنلا قەلبىمدىكى قارا تۇمان بارا ـ بارا ئەتراپقا تارالدى، نېمىشقىدۇر مېنىڭمۇ ئاسمانغا ئوخشاش ياش تۆككۈم، بۇلۇتلار ئاستىدىن تۆكۈلگەن يامغۇر باغرىدا مۇڭلىنىپ ياتقان دېڭىزنى ئەسلىدىكى دولقۇندىنمۇ كۈچلۈكرەك لەرزىگە سېلىپ، جەلپكارلىقىنى يوقاتقان بۇ ھاياتنى، يالغانچىلىققا تولغان بۇ تۇرمۇشنى، كىشىلەرگە ھېچقانچە شادلىق بېغىشلىيالمايدىغان، دەردمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرالمايدىغان، تۇغۇلغىنىغا مىڭ بىر پۇشايمانلارنى قىلدۇرىدىغان بۇ ھايات مۇساپىسىنى كۆز ياشلىرىمغا غەرق قىلدۇرغۇم كېلىپ كەتتى.

سۈكۈت ـــ جىمجىتلىق. سۈكۈتمۇ، سەۋرچانلىقمۇ ئەڭ ياخشى خۇلق ئەمەسمىدى.

تۇيۇقسىز ئەلىشىر نەۋائىينىڭ « خىيال قىلغان مەقسىتىڭنى ئويلا، ئەگەر تاپالمىساڭ سەۋر قىل» دېگەن سۆزى ئېسىمدىن كەچتى. بۇ باھادىر تولىمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن. توغرا، سەۋر قىلماقتىن ئۆزگە نە چارە، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى. پۇشايمان قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ ـ دە، ئەمما ھەممە نەرسگە

چىدىساممۇ بۇ كۆڭۈل غەشلىكىگە ھېچ تاقەت قىلالمايتتىم. قولۇمدا ئۇنىڭ مەندىكى بىردىنبىر ۋە ئەڭ ئاخىرقى يالدامىسى بار ئىدى، مەن ئۇنى ۋەتەندىكى چاغدىلا بىر ئەينەك قۇتىغا سېلىپ تەييارلاپ قويغان، كەينىگە يەھيا ــ رەنا ۋە 9.18 يەنە ئىنگلىزچە كۈتۈش، سەۋر ـ تاقەت دېگەن خەت يېزىلغان بىر پارچە رەسىم ئىدى. ئىلگىرى ۋەتىنىمدىكى دېڭىزغا تاشلايمەن دەپ ئاپارغان بولساممۇ، قاتتىق يارىتىلغان ئايرىلىش كۈلپىتىنى كۆرۈشتىن، ئاچچىق يارىتىلغان غەم شەربىتىنى ئىچىشتىن قورقۇپ يەنە ساقلاپ قالغان ئىدىم. چۈنكى، مەن ھەر قېتىم رەسىمدىلا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالايتتىم، ئېيتالمىغان سۆزلىرىمنى پىنھان دەۋالاتتىم، سەن بولساڭ ماڭا ئۈنسىز قارايتتىڭ، ئەنە شۇ چاغلاردا جاھاندا سەن بىلەن مەنلا بار، پۈتۈن كائىنات مەۋجۇت ئەمەستەك بىلىنەتتى، خىيالەن ئىككىمىز دىلكەشلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ، تىنچلىق بىلەن ۋەسىل راھىتىنى سۈرەتتۇق، مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ ئىدىڭ. ساڭا تويماي قاراپ كېتەتتىم، توغرا، سەن ئۆز سۈرىتىڭنى تولىمۇ چوڭ ھەم گۈزەل قىلىپ سىزىپ بولغان، خىيالىي دۇنيارىمدا دەرسخانىدا تۆت كۆز بىلەن چىرايىڭغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان سەھرا بالىلىرىغا ئوخشاشلا ساڭا چوقۇنۇپ بۈگۈنگە كەلگەن ئىدىم، قولۇمدىكى بۇ سۈرىتىڭنى بولسا تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغان ئىدىم.

ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە دەردىمنىڭ دەۋاسى بۇ تۇمار

مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن، بالىلىق چاغلىرىمنىڭ دەسلەپكى خاتىرىلىرىدىمۇ سىز بار ئىدىڭىز، ئەقلىمنى بىلسەم سىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا.

مەن باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان چاغلاردا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزدىڭىز، ئەلۋەتتە مەن مەكتەپكە بېرىش - كېلىشتە ئۆيۈڭلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولاتتىم، شۇنداق چاغلاردا ئۆيىڭىز ئالدىدىن ئۆتۈپ بولغۇچە يىراقتىن مېنى كۆرسىڭىز كىرىپ كەتمەي، كىچىك بولغىنىمغا قارىماي ماڭا سالام قىلاتتىڭىز، ئەھۋال سورايتتىڭىز، مەنمۇ تارتىنىپقىنا ئاددىيلا جاۋاب بېرەتتىم، مەھەللىمىزدە پەقەت سىزلا ماڭا بۆلەكچىلا كۆرۈنەتتىڭىز، چۈنكى سىز مېنىڭ نەزىرىمدىلا ئەمەس، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا ئاكاملار قاتارىدا تەڭ ماختىنىلاتتىڭىز، ئارىلاپ - ئارىلاپ سىزنى بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈپمۇ قالاتتىم، ئۇنداق چاغلاردا رەناخان، پاھ قونچىقىڭىز بەك چىرايلىق ئىكەنغۇ، تېخى گەپ قىلالايدىكەن، سىزدىنمۇ چوڭمۇ نېمە دەپ قوياتتىڭىز. بەزىدە رەناخان، كىيىمىڭىز بەك يارىشىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۆزۈمنى قەۋەتلا خۇش ھېس قىلاتتىم. بەزىدە بېغىمىزدىن ئۈزۈپ چىققان نەشپۈت، ئۆرۈكلەرنى سۇنغىنىڭىزدا سىز سۇنغان نەشپۈتلەر، ئۆرۈكلەر ماڭا ئالاھىدە بىلىنىپ كېتەتتى، تېخى يېيىشكە كۆزۈممۇ قىيماتتى. بالىلىق چاغلىرىمدا مەھەللىنى بېشىمغا كىيەتتىم، ئۆزۈمدىن كىچىك بولامدۇ،

تەختۇشلىرىم بولامدۇ مەن بىلەن ئويناشقا بەكلا ئامراق ئىدى، ئەلۋەتتە شۇ قاتارىدا سىڭلىڭىزمۇ كېلەتتى. ئۇلار بىلەن بارلىق باللارغا خاس ھەرخىل ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق، بەزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلارغا خەت ئۆگەتسەم، گاھى ئۇلار مېنىڭ بىمارلىرىم بولۇپ قالاتتى، گاھى ئۆي ياساپ مېھماندارچىلىق ئوينىساق، گاھى مۆكمۆكۈلەڭ، ئىشقىلىپ بىر توپ بالا مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا بىر يۈگۈرسەك چاڭ چىقىرىۋېتەتتۇق. مەھەللە چوڭلىرى سىزنى ماختىغىنىغا ئوخشاش، مېنىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى، مەستلىكى كېلىپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى، باللىرى مەن بىلەن بىللە بولسا ئۇلار ئاندىن خاتىرجەم، خەت ئۆگىنىۋالدى، خەت ئۆگىتىپ قويدى دەپ مىننەتدار بولۇشاتتى، ئويناپ باللارنىڭ كىيىملىرى مەينەت بولۇپ كەتسە ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپمۇ قوياتتىم، كىچىكلىكىمگە باقماي ماشىنا تېپەلەيتتىم، قونچاقلىرىمغا كىيىملەرنى ئۆزۈم تىكىپ بېرىپ، قولۇم خېلى ئىشقا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۆزۈمنىڭ چوڭ كېپقالغانلىرىنى كىچىكلىتىپ باللارغا ئوماق قىلىپ كىيگۈزۈپ قويسام، ئۇلار ئاندىن خۇشال. ئەلۋەتتە مەن ئۇنچىۋالا نازۇكمۇ ئەمەس، كىچىك ئاكامنىڭ كەينىدە يۈرۈپ ئوغۇل باللارنىڭ خېلى ئويۇنلىرىدىمۇ كەم ئەمەس ئىدىم، بىر كۈنى رەگەتكە ياساپ ئۇلتۇرغىنىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتكەن ئىدىڭىز، ئەلۋەتتە كىچىك بولسىڭىزمۇ سىزدە



www.uyghurkitap.com

چوڭلارغا خاس سالاپەت بار ئىدى، خۇددى دادامدەك. سىز بالىلارنىڭ كۆڭلىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىسىڭىز كېرەك، باشقا ئوغۇل بالىلار ئوينىغان ئويۇنلاردا ئانچە كۆرگىلى بولمايتتى، پەقەت كىچىك ئاكام بىلەن ئاللىنېمىلەرنى دېيىشىپ كىچىك رادىئو، ئۈنئالغۇ، سائەت ئىشقىلىپ ئاشۇنداق نېمىلەرنى ئوڭشاپ ئولتۇرغىنىڭىز كۆزۈمگە چېلىقاتتى، قىزىل سىم ئەمەس، كۆك سىمنى ئۇلايلى، ياق، سېرىق سىم ئىكەن دېگەندەك گەپلىرىڭىزنى كۆپرەك ئاڭلىغىلى بولاتتى ياكى بولمىسا زوردۇن سابىر، جاڭ چيەن، تۆمۈرخان دەمسىزكىن ئىشقىلىپ ئاللىكىملەرنى دەپ ئاكام بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتىڭىز.

كۈنلەر ئاشۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ ئاپام، دادام ئۇرۇمچىگە بىر كەتكىنىدە ئالتە ئايدا كەلدى. مەن بىراقلا چوڭ بولۇپ كەتتىم، ئۆينىڭ بارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرى ماڭا قالدى، مەنمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم، مەكتىپىمىز ئۆيىمىزگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى، مەكتەپ ـ ئۆي ئارىلىقىدا يۈردۈم، سىزنى ناگان ـ ناگاندا ئۇچراتمىسام كۆرەلمەيتتىم، سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيگە ئانچە كەلمەس بولدىڭىز، چۈنكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتسىڭىز كېرەك، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزنىڭ ئۆيگە دادىڭىز كەلدى، چۈنكى دادىڭىز بىزنىڭ ئۆيدىكى توك بۇزۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار بولسا كېلىپ ئوڭشاپ بېرەتتى. چاي دەملەۋاتسام دادامغا ھەدەپ سىزنىڭ بېيجىڭغا

ئۆتكەنلىكىڭىز، چوڭ ئاكام ئوقۇغان مەكتەپكە ئۆتكەنلىك خۇش خەۋىرىڭىزنى ئېيتتى، ئەلۋەتتە مەنمۇ خۇشال بولغان ئىدىم، ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيدە پەيدا بولدىڭىز، ئەمما مەن مۇبارەك بولسۇن دېگەن بىر جۈملە گەپنىمۇ دېيەلمىدىم، كاللامدا هوشتىن، جىسمىمدا جاندىن ئەسەر قالمىدى.

بىز ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ مۆكمۆكۈلەڭ ئوينىدۇق، بەلكىم مەن دېيىشىم توغرىدۇ، سىز كەتتىڭىز، قاچان، قايسى كۈنى ماڭغىنىڭىزنى بىلمىدىم. يازلىق تەتىل توشۇپ بىزمۇ ئوقۇش باشلاپ كەتتۇق، يىللار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى، سىزنى هەر يىلى يازلىق تەتىلدە بىر - ئىككى قېتىم كۆرگەننى هېسابقا ئالمىغاندا سىز مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا، مەن غەربىي شىمالىدا ياشاپ ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، بىر كۈنى يىراقتىن سىزنى كۆرۈپ قالدىم. ئەلۋەتتە سىزمۇ مېنى كۆرۈپ ساقلاپ تۇردىڭىز، شۇ هالىتىڭىز هېلىهەم كۆز ئالدىمدا خۇددى تۈنۈگۈنكىدەكلا بىلىنىدۇ، سىز تۆمۈر رەڭ مايكا ۋە قارا كۆك ئىشتان (ئىشتاننىڭ پۇشقىقى تۈرۈلگەن) كىيگەن، پۇتىڭىزدا ساپما كەش، بۇ هالىتىڭىز سىزنى ئەڭ ئېنىق، ئەڭ روشەن كۆرگەن ۋاقتىم بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— هەئە.

— چوپچوڭلا قىز بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— ...

— نەچچىنچى يىللىقتا چىقتىڭىز؟

— توققۇزىنچى سىنىپقا.

— سىنىپ مەسئۇلىڭلار كىم؟

— ئا... ئاتىكەم.

سىزمۇ سەل تەمتىرىگىز، ئۇنىڭغىچە مەنمۇ سىز بىلەن خوشلىشىپ ئۈلگۈردۈم.

— ھازىر سىلەرنىڭ ئۆيدىن كېلىشىم ئىدى، شۇڭا كۆرۈنمەپتىكەنسىزدە؟

— ھە...ھ، با... بازارغا...

— ئۆيگە كىرىپ ماڭمامسىز؟ راھىلە بار ئوينىاپ مېڭىڭ.

— بولدى رەھمەت.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ قەلبىڭىزدىكى مەننى تولۇق چۈشەندىم، مەن تېخى كىچىك، تولىمۇ كىچىك ئىكەنمەن. يا تۇرۇشقا قارارىم، يا مېڭىشقا ئىختىيارىم يوق ئىدى، ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدىم، مەن قاچانمۇ چوڭ بولارمەن؟...

مەن ھامان بىر كۈنى چوڭ بولىمەن، سىزگە، ئۆزۈمگە يارايدىغان قىز بولىمەن.

ئەگەر كىشى يۈزگە كىرىشنى تىلىسە، ئۇنىڭغا يۈز يىل سەۋر قىلىش كېرەك، مەن تېزرەك چوڭ بولۇشنى كۈتىمەن، تەگرى كىشىگە قانداق دەرد بەرگەن بولسا، داۋاسىنىمۇ ئۆزى قىلىدۇ. سەۋرچان بولۇپ ئوقۇشۇمنى ئوقاي، مەن تېخى

كىچىك ئەمەسمۇ دېگەن خىيال بىلەن ھاياتىمنىڭ يېڭى قەدەملىرى باشلىنىپ كەتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشقان بولدى، بۇ ئۈچ يىللىق ھاياتىمنى ئويلىسام ھەقىقەتەن ئەسلەشكە تېگىشلىك كۆپ ئىشلار يۈز بېرىپتۇ. ئەڭ مۇھىمى مەن چوڭ بولدۇم، ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنى ئۆز بالىسىدىنمۇ، ئۆز قېرىنداشىدىنمۇ چارە ياخشى كۆردى. ساۋاقداشلىرىم بىلەن ئىجىل - ئىناق ئۆتتۇپتىمەن، ھەتتا مەھەللىدىمۇ كىچىك چاغلىرىمدىكىدەك كىچىك باللار بىلەن ئويناشنى تاشلىمىدىم، بالىلىق مىجەزىم يەنە شۇ پېتى بار ئىدى. ئاتا - ئانام مەندىن تولىمۇ يىراقتا ئىدى، ئۇلارنىڭ يېنىمدا بولىدىغان ۋاقتى يوق دېيەرلىك ئىدى، ئاپام ئاغرىقچان بولغاچقا، كۆپىنچە ئورۇمچىدە تۇرۇپ قالاتتى، شۇنداق بولغاچقا، ئۆز ھالىمدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالاتتىم. ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارمۇ ھەمدەم بولۇشاتتى. ئالىي مەكتەپكە ئاز قالغان بىر كۈنى دادىڭىز بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ، ئاپام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، مەن داستىخان ھازىرلىدىم، شۇ ئارىلىقىدا دادىڭىز ئاپامغا:

— سىلىنىڭ ئىككىنچى قىزنى شۇنداق كېلىن قىلغۇلۇم بار ئىدى، ئەمما بۇ شەرەپ بىزگە نائىل بولالماي، قىزىمىز باشقا شەھەردە بولۇپ قالدى، — دېيىشىگىلا ئاپام ماڭا ئىشارەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. مەنمۇ ھېچ چۈشەنمەي چىقىپ كەتتىم، يەنە ئارقىدىنلا:

www.uyghurkitap.com

— ئەمدىكى ئۈمىدىمىز كىچىك قىزلىرىدىلا قالدى، رەنا قىزنى يەھياغا مۇۋاپىق كۆرۈپ تۇغقانلىق يولىنى تۇتۇپ ئۇنى پەرزەنت قىلىۋالسام، — دېگەندەك گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى، قانچىلىك ھاياجانلانغىنىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، تىنىقلىرىم يېتىشمەيۋاتقاندەك، ئۆپكەم ئېغىزىمغا قاپلىشىپ قالغاندەكلا ئاجايىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم. ئارقىدىنلا ئاپامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ بىز ئۈچۈن چوڭ بىر شەرەپ، ناھايىتى خۇشالمىز. يەھيا ئوغلىمىزنىڭ ئوقۇشىمۇ پۈتمىگەندۇ، قىزىمىز ئەمدىلا 17 گە كىردى، كەلگۈسىگە بەندىنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ، ۋاقتى كەلسۇن، باللارغا قويۇپ بېرەيلى، ئۆزلىرى بىر نېمە دېسۇن...

— ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت.

ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقىتىم قالمىدى، بەك خۇش بولدۇم، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمدە ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلار تۇغۇلۇشقا باشلىدى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى كېلىپ قالدى، ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرۈپ ئىمتىھانىنىمۇ تۈگەتتۇق. ئارزۇلىرىمىزنى يېزىپ بولۇپلا تۇغۇلۇپ 17 يىل مۇشۇ مەھەللىدىن چىقىپ باقمىغان بولغاچقىمىكىن ئاچام جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئايلاندۇردى، ئادەم ساياھەت قىلسا نېمىدېگەن ياخشى، گۈزەل نەرسە، گۈزەل

www.uyghurkitap.com

مۇھەت... ئاخىرلاشمايدىغان سىمفونىيە بولمىغىنىدەك، بىزنىڭ ساياھىتىمىزمۇ تۈگەپ قايتىپ كەلدۇق، ئاچام خىزمىتى ئالدىراش بولغاچقا، ئۇدۇللا مېنى ئەكىلىپ قويۇپ كېتىپ قالدى. نەچچە كۈن بولا ـ بولماي نەتىجىلىرىمىز چىقتى، مەن ئويلىغان نەتىجە چىقماپتۇ، ئەمما نە چارە، يىغلىساممۇ، قاقشىساممۇ ئورنىغا كېلەمتى؟ كۈتتۇم، ئەمما ئۆتۈپ كېتىدىغىنىمغا ئىشىنەتتىم، كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى، تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چاقىرىقىنى ئوقۇتقۇچۇم ئۆز قولى بىلەن يەتكۈزدى، شۇنداق خۇشال ھالدا:

— بۇ مەكتىپىمىز تارىخىدا ئۈچ يىل بولغان تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتقا چاقىرىق كەلمىگىلى، مانا رەنا قىز قوبۇل قىلىنىپسىز، — دېدى.

ئېچىپ قارىساق مەن ئويلىمىغان بىر كەسىپ، تۇرغان جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم، ساۋاقداشلىرىمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئالىي مەكتەپكە مېڭىۋاتسا، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كەسپىم ئۈچۈن يەنە بىر يىل ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ قايتا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ؟ ياكى ئوقۇۋېرىشىم كېرەكمۇ؟ بېشىم قاتقۇچە ئويلاندىم، چوڭ شەھەرلەردىكى ئاچىلىرىم، ئاكىلىرىمغا مەسلىھەت سالدىم، ئىختىيارىنى ماڭا قويدى.

نە چارە؟ ئوقۇۋەردىم، قەلبىمدىكى بۇ گۈزەل شەھەرگە كېلىپ ھېچقانچە يېڭىلىق ھېس قىلالمىدىم، قىسقىسى

خۇشـال بولالمىدىم. پەقەت ئاتـا ـ ئانـام، قېرىنداشـلىرىم بىلـەن جـەم بولغـاننى ھېسـابقا ئالمىغـاندا مېـنى خۇشـال قىلغۇدەك باشقا نەرسە يوق ئىدى. يېڭى ئالىي بىلىم يۇرتى چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ ـ چىقىپ، ئۆي، سىنىپ، تاماقخانا ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە تۆت يىل ئۆتۈپ ئوقۇشۇمۇ پۈتۈپ كەتتى. ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇئەللىممىز بالىلىرىم ياخشى ئوقۇڭلار، ئويۇن ـ تاماشا دېگەن ئالىي مەكتەپتە، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىسەڭلار، نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىلەر دەپ نەسىھەت قىلسا، ئالىي مەكتەپ دېگەن ئاجايىپ باشقىچە بىر دۇنيا بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. نېمىسىنى دەي، ئەمما ئانچە ناچار دېمەيمۇ كەتكىلى بولمايتتى، ئۆيۈم مۇشۇ يەردە بولسىمۇ ئەمما ياتىقىم بار ئىدى، قىشتا بەك سوغۇق بولۇپ كەتسە، ئۆيگە قايتماي ياتاقتا قونۇپ قالاتتىم.

تۇرغۇن سۇدەك بۇ ئالىي بىلىم بۇلىقىمۇ ئەلۋەتتە ماڭا نۇرغۇن بىلىملەرنى بەردى، بۇنىڭغا كۆز يۇمالمايمەن. نۇرغۇن دوستلىرىم بولدى، تىنچ، خاتىرجەم كىتابىمنى ئوقۇسام، ئۆزۈمدىن باشقا ئاپام يەنە ئاكا ـ ھەدىلىرىم خۇش بولۇشاتتى. ھەتتا ماگىزىنغا چىقىپ پايپاقمۇ سېتىۋېلىشقا پۇرسىتىم يوق ئىدى، مېنىڭ كۆيۈمچان ئاچىلىرىم كىيىم ـ كېچەك، ئاددىيسى چىش پاستىسىدىن تارتىپ تىرناق ئالغۇچقىچە، باش لۆڭگىسىدىن پۇت لۆڭگەمگىچە تەييارلاپ بېرەتتى. تېلېفون پۇلۇمنىمۇ تاپشۇرۇشقا يېتىشەتتى، ھەتتا

ئېلىپ بېرىدىغىنىمۇ باللارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، دېمەك مەن يەنىلا كىچىك، ھىم.

ئۇقۇشنىمۇ ئەنە شۇنداق پۈتكۈزدۈم، سەل جىمغۇرلاشقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنە شۇ پېتى تۇردۇم، ئەمما مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل، شۇنداقلا ئەڭ ئازابلىق دەقىقىلەر مانا مۇشۇ يىلدىن باشلانغان بولدى.

ئۆز كۆڭلۈمدىكى ھازىرقى زامانىنىڭ مەجنۇنى، پەرھاتى، تاھىرى مەندەك ياش نوتىغا دىققەت قىلدى، نەزەر كۆزى ماڭا چۈشۈپ، ماڭا يۈرۈش تەكلىپىنى قويغىنىدا ئۇ ئاللىقاچان باشقا دۆلەتكە ئۆچۈپ بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۆيلەرگە كىرىپ - چىقىپ يۈرسە مەن ئانچە ئېرەن قىلماپتىمەن، چۈنكى ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇ تېخىمۇ سالاپەتلىك، تېخىمۇ كېلىشكەن، مەن ئەمەس ھەرقانداق بىرسى قارىسا تەپتارتقۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇلارنى مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھېس قىلاتتىم، كۆز ئالدىمدا ئۇنى - بۇنى سوراپ يۈرسە، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىۋالمىغىنىمغا، كۆزلىرى قانداق، كىرپىكلىرىچۇ؟ بۇرنى، ئېغىزى توغرىلىق مەن خەۋەرسىز بولۇپ قالغىنىمغا ھېلىھەم پۇشايمان قىلىمەن. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتكەن قەلبىمدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىمنى قايتا ھېس قىلىشىمغا تازا ئىشىنەلمەيتتىم. ئۇ ماڭا دىققەت قىلىشقا باشلىغاندا مەن بىپەرۋا بولۇپ قاپتىمەن، بىر كۈنى ئۇنىڭ سىڭلىسى سىزنى ئاكام مۇشۇ نومۇرغا

تېلېفون ئۇرسا بوپتىكەن، مۇھىم گېپى بارمىش دەپ ئۆيگە تېلېفون ئۇرۇپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە مېنىڭ تېلېفونۇمنى ئوغرى ئېلىۋېلىپ، تېلېفونسىز قالغان ئىدىم، دېگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدىم.

— تىنچلىقمۇ، يەھيا ئاكامۇ؟

— رەنامۇسىز؟ مېنى ئالەمچە خۇش قىلىۋەتتىڭىز، تېلېفون ئۇرسىدى دەپ بەك تىلىدىم.

— ھە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— بار، ئەلۋەتتە بار. سىزگە ئۇرۇمچىدىكى چېغىمدىلا دېمەكچى بولغان ئىدىم، ئەمما دېيەلمىدىم، قانچە قىلىپمۇ پۇرسەت تاپالمىدىم.

— نېمە ئىش ئىدى؟

— سىز ئاخىرى چوڭ بولدىڭىز.

— مۇشۇ گەپمىدى؟

— سىز ئەقىللىق قىزغۇ؟

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي كۆزلىرىمدىن سەلدەك ياشلارنى ئاققۇزدۇم، ئەمما يىغلىغىنىمنى قەتئىي چاندۇرماسلىققا تىرىشاتتىم.

— ئانام كۆپ تەرىپىڭىزنى قىلىدۇ، مەنمۇ ھەم سىزگە ئامراق، سىز ياخشى قىز، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بىردىنبىرى سىز.

— ...

— ۋەي، ۋەي

www.uyghurkitap.com

— هە، ئاڭلاۋاتىمەن.

— ماڭا قوشۇلارسىزمۇ؟ سىز بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ بولىسىز، ئۆتمۈشلىرىڭىزدە نېمە بولسۇن، ئەمما بۈگۈندىن ئېتىبارەن سىز مېنىڭ بولۇڭ، ئىككىمىز توي قىلايلى، ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ...

— ئاڭلاۋاتامسىز؟

— هەئە.

— مېنى كەچۈرۈڭ، قائىدە بويىچە يۈزتۇرا دېيىشىم كېرەك ئىدى، ئەمما ئالدىڭىزدا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئېغىزىمدىن چىقىرالماي مەقسىتىمنى ئېنىق چۈشەندۈرەلمەسلىكتىن، سىزنى بىزار قىلىپ قويۇشتىن قورقتۇم، مېنى كەچۈرۈڭ، قوبۇل قىلىڭ بولامدۇ؟

ئويلاپ باقسام مەنمۇ قىزىق ئىكەنمەن، هېچبىر ئويلانمايلا:

— قوبۇل قىلدىم.

ئەلۋەتتە بۇ هالنى كۆرگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مېنى ئاران قاپتىكەنمۇ نېمە دېيىشى مۇمكىن، ئەمما شۇ ماڭا نىسبەتەن هاياتىمدىكى ئىككىنچى قۇياشىم ئىدى. ئىززەت - هۆرمەتلىك، چوڭ شانۇشەۋكەتكە ئىگە، مەرتىۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئاسمانغا تەڭ بىر شەخس ئەمەسمىدى؟ هاياتىمدا بۈگۈنكىدەك كۈنمۇ كېلەرمۇ دەپ ئويلاپ كېتەتتىم، بۈگۈن مەن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك قىزغا ئايلانغان ئىدىم، ئۇ

كۈنى دەل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئىدى. چۈنكى مەن ئۆزۈم ئۈزۈندىن بىرى يوشۇرۇن سۆيۈپ كېلىۋاتقان ئادەمگە ئېرىشتىم، قايسى بىر كىتابتىكىدەك يوشۇرۇن كۆيۈش مەخپىي ئازاب، شۇنچە تاتلىق لەززىتى، بارمىكىن مەندىن بۆلەك شۇنى چۈشەنگەن بىر كىشى. ياق، ياق، ئېرىشتىم دېسەم قانداق بولار، يوشۇرۇن سۆيۈپ كەلگەن ئادىمىمنىڭ سۆيۈشلىرىگە ئېرىشتىم، شۇ تاپتا تەڭرىگە يۈزمىڭ قەتلە رەھمەتلەر ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، چۈنكى تەقدىر مېنىڭ تىلىكىمنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى، تەڭرى ئۇنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇ ماڭا سىزنى سۆيىمەن دېگەن، مەن بۇ سۆزنى كۈتكىلى شۇنچە ئۇزۇن بولغان ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭدىن شۇنداق سۆيۈندۈم، خىياللىرىمدا ئۇ، ئوڭۇمدىمۇ ئۇ، ئۇنىڭ ماڭا دېگەن شۇ يۈرەك سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلاپ ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدىم، قەلبىمدىكى بۇ خۇشاللىقلىرىمنى پۈتكۈل ئالەمگە بىلدۈرگۈم كېلەتتى، ئەمما ئۇنداق قىلالمايتتىم،پەقەت يەھيا ئاكامغا ئاتىغان خاتىرەمگە كۆڭۈل سىرلىرىمنى قوندۇراتتىم. گەرچە ئۇ بۇنى ئوقۇيالمىسىمۇ، ئىشقىلىپ دېگەنلىرىمنىڭ، يازغانلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى.

سېنىڭ كۈلكەڭنى، يىگىتلەرگە خاس قىلىقىڭنى، ئۆزۈڭگە ياراشقان چېچىڭنى پۈۋلەپ قويۇپ، ماڭا كۆز قىسىشلىرىڭنى دائىم كۆرۈپ تۇرسام. يوللاردا بىلىكىڭگە ئېسىلىپ ماڭسام، ساڭا موھتاج بولغىنىمدا ئىشەنچ بىلەن

www.uyghurkitap.com

قولۇمنى سۇنالىسام، ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىڭدا ساڭا تۇيدۇرماي زوقلىنىپ تۇرسام. دېڭىز بويلىرىغا ئېلىپ بارغىنىڭدا، سالقىن شامالدىن ھۇزۇرلىنىپ، مۇھەببىتىڭنى ھېس قىلدۇرغان دولقۇنلارنى كۆرگىنىمدە، پۇتۇڭغا دەسسەپ تۇرۇپ، شادلىقتىن چۇقان سالسام.

يېنىمدىن سېنىڭ سۈرىتىڭنى ئايرىمىسام، ھەر قېتىم يولدىن ئۆتكەندە قولۇڭنى چىڭ تۇتۇۋالسام، سېنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىپ، كۆلكەڭگە ئورتاقلاشسام. بالكوندىن ئايغا قاراپ تۇرغىنىمدا، كەينىمدىن كېلىپ ئاستا قۇچاقلىساڭ ھەم ھەر قېتىم ساڭا رەھمەت، دېگىنىمدە مەڭزىمنى چىمداپ ئەخمەق دېسەڭ...

ئىشق ئىنسان بالىسىنىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرىدىغان نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر (نەۋائىي). ھالى پەرىشان مەجنۇن لەيلىنىڭ ئىشقىدا ئاي، يىللاپ دەشت كېزىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ ئۇچۇن قىش بىلەن ياز ئوخشاش ئىدى. ياز بولسا، چۆل گويا دوزاختىن نىشان بېرەتتى، قۇياش يەر يۈزىگە ئوت چاچاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ سايىداشنى ئىسىگىمۇ كەلتۈرەلمەيتتى، قىش كۈنلىرى ھاۋا مۇز ياغدۇرۇپ سوغۇق جاندىن ئۆتكەن چاغلاردىمۇ ئۈيگە قايتمايتتى، گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىشنىمۇ ئويلىمايتتى، ئۇنىڭ بارلىق مەيلى لەيلى تەرەپتە ئىدى، قەيەردىن مەھبۇبىنىڭ خەۋرىنى ئاڭلىسا، نالە - پەرياد چېكىپ، گويا سالقىن شامالدەك،

گۈلزار ئىزدىگەندەك شۇ ياققا قاراپ يەلدەك ئۇچاتتى.
قاتتىق سوغۇق بولغان بىر قىش كۈنى ئىدى، ئۇ لەيلى تۇرغان جايغا يېقىنلىشىپ قالدى، سالقىن شامال گوياكى بۇلبۇلغا گۈلزارنىڭ پۇرىقىنى يەتكۈزگەندەك، ئۇنىڭ دىمىغىغا يار ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى، بۇ ھالەتتە قاراڭغۇ كېچە بولۇپ، شامال ئۇنىڭ ئالدىدىن سوقۇپ تۇراتتى، ئۇ نىگارىنىڭ ھىدىنى ئالغاندىن كېيىن شۇ تەرەپكە قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىۋەردى، يارنىڭ ئۆيىگە يەتكەن چاغدا بېشى ئىشىككە ئۇرۇلۇپ ئىشىك ئېچىلدى. قارىسا ئۆيدە لەيلى تۇراتتى، لەيلى ئەمەس، بەلكى تۇننى يورۇتقۇچى نۇرلۇق سۈھەيل يۇلتۇزى تۇراتتى. ھەيرانلىق جېنىغا ئوت سېلىپ سەۋرسىزلىك ئىلكىدە خاراب بولغان بۇ بىچارە لەيلىنىڭ ئالدىدا تۇپراققا يۈز قويغاندا، لەيلى ئۇنى كىشىلەر كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئۆز ھۇجرىسىغا يوشۇرۇپ قويدى... مانا بۇ ھوشسىز مەجنۇننىڭ ۋىسالغا ئېرىشكىنى ئىدى.
ئادەم تاتلىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ، ئەمما چىرايلىق چېچەكتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يوقىتىش بىلەن ئېرىشىش قوشكېزەك، كىشىلىك ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈپ قىممەتكە ئىگە قىلىمىز دەيدىكەنمىز، ئېرىشىشنىمۇ، ۋاز كېچىشنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. كىشىلىك ھايات ئىنتايىن گۈزەل، پەقەت ئېرىشىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەردىن ۋاز كەچكەندىلا، ئاندىن يوقىتىپ قويۇشقا بولمايدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

نەزم: (يەشمىسى)

كىشى ھوشىنى يوقاتقاندا مۇشۇنداق مەقسەتكە يېتىپ، يەنە ھوشىغا كېلىشىنى ئىزدىسە، ئۇنداق ھوش ھارام بولسۇن. ئىشق يولىدا مۇنداق ئاجايىباتلار يۈز بېرىدۇ، ئىشقسىزلار بۇنى چۈشەنمەيدۇ، يارەب نەۋائىيغا ئۇنى يېقىن قىل، بۇ يىقىلماقنى ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغىن.

ئۇ مېنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى تاللىشىم ئىدى، ئۇنى تاللىغىنىمنى توغرا دەپ قارايتتىم، مەن پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا بەختلىك ئىدىم دەپ باشلىدىم كۆندىلىك خاتىرەمنى.

بارلىق خۇشاللىقلىرىمنى خاتىرەمگە تۆكۈۋەتتىم، كۆز ياشلىرىم سىياھ بولدى. خۇشاللىقىمنى قانچە ـ قانچە يازسام تۈگىمەيتتى، ئەمما ئۇنى كۆرەي دەپ كۆرەلمەيتتىم، ئۇنىڭ مەندىن تولىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئويلىسام، جىمجىت قاراڭغۇ كېچىدە ئازابلىق تولغىناتتىم، سەۋر ـ تاقىتىم قالمايتتى، ئەمما نە چارە؟ جېنىمنىڭ خۇش خەۋەرچىسى بولغان مۇڭلۇق ئاۋازلىرىنى تەگرى خالىسا قارا تۇن يورۇق كۈنگە ئايلانسا يەنە ئاڭلىيالايمەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق خىياللار بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمىدىم، جۇدالىق دەردىدە كۆرگەن چۈشلىرىم ئاندىن بىئارام. بىر كەمدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، تاڭمۇ ئۆز بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ، بارچە مۇھەببەتلىك كىشىلەر مەندەك بولالمىغاندۇ؟ ماڭا جۇدالىق ئوتى نېسىپ بولۇپ،



www.uyghurkitap.com

كۆيۈپ ـ پىشىش مىلىڭ ھەسسە ئارتۇق بولدى.

ئاھ، بۇ ئوتتىن تاقىتىم قالمىدى، ياق، ياق، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىزتىراپلىرىمۇ ئىشىپ كەتتى، بۇ ئوتنى مەدھىيىلىشىم كېرەكمۇ؟

بۇگۈن ئەجەپ تەستە ئۆتتىغۇ، مانا بىز دېيىشىۋالغان چاغمۇ بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم تېلېفوندا پاراڭلىشىۋاتتىم:

ــــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، رەنامۇ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟

ــــ ھەئە.

شۇ دەقىقىلەردە سۆزلەش ئۇچۇن قۇدرىتىممۇ قالمىغان ئىدى.

ــــ كېچە ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟ مەن نېمە بولۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، راستتىنلا تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە يېنىڭىزغا بارغۇم بار، ئايروپىلان يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن ئۇچىدۇ، بىلەتنى كېچىكتۈرەلىسەملا سىز بىلەن كۆرۈشكىلى بارىمەن، مەن چىدىمىدىم.

ــــ ياق، ياق. ئۇنداق قىلماڭ، بولدى مېڭىشقا تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن كەينىڭىزگە يانماڭ، بېيجىڭدىن بۇ يەرگە كەلگۈچىمۇ يەنە بىرمۇنچە ئىزتىراپ چېكىۋالىسىز، بولدى.

ــــ قاچان كۆرۈشىدىغان ۋاقىت كېلەركىن دەپ تېلېفوننىڭ يېنىدىلا ۋاقىتقا قاراپ تۇردۇم، بەكلا ئاستا، بۇ

دۇنيا چۆرگىلەشتىن توختاپ قالغاندەكلا. يا ئۆيىڭىزگە ئۇدۇللا تېلېفون ئۇرالمىدىم، يا بىرەر ئۇيغۇر قىزنى ئۇچرىتالمىدىم، تېلېفون ئۇرغۇزىدىغانغا، قانچىلىك بىتاقەت بولغىنىمنى بىر تەڭرىم بىلىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان دەقىقىلەردە تېلېفوننى تۇتۇپ تۇرالىغۇدەك ماجالىم قالمىغان ئىدى، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈنلا كەلسە بولمايتتى، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ئوقۇغۇچىدە؟ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرسە، ئەلۋەتتە بىر مىليونېرلارنىڭ پەرزەنتى ئەمەس.

مۇھەببەت ھەرقانچە ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتسىمۇ مەسىلىلەرگە ئەمەلىي قارىماي بولمايتتى، ئۇ كەلگەن تەقدىردىمۇ ھامان ئايرىلىدىغان گەپ، شۇنداق ۋىسالغا مۇيەسسەر بولغان چاغدا ئايرىلىش بىزگە ئاسان تويۇلارمۇ؟

— ماقۇل دەڭچۇ، مەن باراي. ئەمىسە ئۈرۈمچىدىكى ئايروپورتتىلا كۆرۈشەيلى، كۆرۈشۈپلا مەن ياناي ماقۇلمۇ؟

— ئۇنداق قىلماڭ، يەھيا ئاكا.

نۇرغۇن ئېھتىماللىقلارنى دېدىم، ئۇ ھېچ قايىل بولىدىغاندەك ئەمەس.

— ياق، بىر كۆرۈشۈۋېلىپلا.

— بولدى سىز مېڭىۋېرىڭ، تىنچ - ئامانلىق بولسا بىز چوقۇم دىدار كۆرۈشىمىز، نېمە بولىدۇ، مۇشۇ بىر قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ.

ئۇ ئاخىر ماقۇل بولدى، ئەمما بىلەتنى

كېچىكتۈرەلىسەملا بارىمەن دەپ چىڭ تۇردى.

بىز شۇنداق ئالدى - كەينى گەپلەر بىلەن خېلى پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

— يەھيا ئاكا، بىر ئىشقا ماقۇل بولارسىزمۇ؟

— قېنى دەڭ.

— يەھيا ئاكا، ئەڭ ياخشىسى بىلەت كېچىكتۈرمەن دېمەڭ، سىز ماڭغاندا ئايروپىلان بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرگەندە مەن ئۇچۇن بۇلۇتلارغا قاراپ قويالارسىزمۇ؟ مەنزىلىڭىزگە يېتىپ بارغاندا مەن ئۈچۈن دېڭىز بويىغا بېرىپ چوڭقۇر نەپەس ئالالارسىزمۇ؟ مۇشۇ ئىش ئىدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، ئۇ خېلىدىن كېيىن:

— ماقۇل، گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن.

— رەھمەت سىزگە.

— رەھمەت دېمەڭ، مەن سىزنى سۆيىمەن.

— يەھيا ئاكا، ئەمىسە سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، كېيىن كۆرۈشەيلى.

ئالەم كۈن چىرىغىنى يوشۇرۇپ ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغان ئىدى، ئۇمۇ ئانچە تارتىنىشىپ تۇرماي:

— بولىدۇ، سىزمۇ كىرىپ كېتىڭ، ئۇ يەردە قاراڭغۇ چۈشتى ھەقاچان، كەچمۇ بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى.

— بولىدۇ ئەمىسە.

— خەير - خوش، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، يەنە تېلېفون قىلىمەن.

بىز ئەنە شۇنداق خوشلاشتۇق، مەن ئېغىر پۇتلىرىمنى سۆرىگىنىمچە ئۆيگە كىردىم. ئاپامغا نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالىمەن دەپ پەسكە چۈشكەن ئىدىم، ئېسىم قۇرۇسۇن، پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. ئاپام ئەجەب تەستە كىردىڭىز، زاۋۇتتىن ئەكەلمىگەنسىز دېگەندىلا ۋاي دەپلا قالدىم.

كەچلىك تاماقمۇ گېلىمدىن ئۆتمىدى، ئۇدۇل ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ كەتتىم، خىيال كەپتىرىم بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى.

خاتىرەمنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، مۇنۇ شېئىرنى يازدىم:

چاڭ قونمىغان سەبىي قەلبىمگە،
مۇھەببەت سىرلىرىنى چاچتىڭ.
چۈشلىرىمدە بولۇپ نامايان،
خىياللىرىمنى ئوغرىلاپ قاچتىڭ.

ئىلگىرى خاتىرەمگە تولىراق ھايات توغرىلىق يازاتتىم، ھايات توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىپ بوگۇنگە كەپتىمەن. بىز ئىنسانلار تەبىئىتىمىزدىن ئاچ كۆزمۇ قانداق، ئەتە ئۈچۈن ئىنتىلىدىكەنمىز، بوگۇنىمىزنىڭ تۈنۈگۈنكىدىن ياخشىراق ئۆتۈشىنى، ئەتىمىزنىڭ بوگۇندىن ياخشىراق، باياشات ئۆتۈشىنى تىلەيدىكەنمىز. گەرچە مەندەك جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشاپ كېلىۋاتقانلار ئۈچۈن تەلىپىمىز ئانچە

يۇقىرى بولمىسىمۇ، يەنە تەڭرىدىن ئاللىنىملەرنى تىلەيدىغان گەپكەن. مەندە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يەھيا ئاكامنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى تىلىگۈم، ئۆزۈم ئەركىن، خۇشال ھەريكەت قىلالايدىغان مۇھەببەت قورغانىم بولسا، شۇ مۇھەببىتىمىزنى قۇياش قىزىتالمىسا، قار ـ يامغۇر، بوران ـ چاپقۇنلار بۇزۇۋېتەلمىسە، ھازىرقىدەك ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرالىسامىلا شۇنىڭغا كۆپ شۈكۈر قىلاتتىم، ئۇ كەتتى، مەندىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتتى، شۇ خىيال دېڭىزىدا ئولتۇرسام ئاپام چاقىردى:

— مېۋە يەڭ.

— ھە مانا.

مېھمانخانا ئۆيدە ھەممىمىز دەرقەمدە ئولتۇرۇپ مېۋە يېيىشىپ ئولتۇردۇق، كىچىك ئاكامدا ئىككى تېلېفون بار ئىكەن.

— ئاكا، ئىككى تېلېفونۇڭ بار ئىكەن ـ ھە! مېنىڭ بىرسىمۇ يوق.

— نېمە دېمەكچى؟

— ھېچ ـ ھېچ نېمە دېمەكچى، چىرايلىق ئىكەن شۇ.

— بىرسى كىچىك زېرەك بۇ ماڭا بەك مۇھىم، ھە بوپتۇ، كارتىلىقىنى ساڭا بېرەي.

— راستما ئاكا؟ چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسەن؟

ئاپام:

— بەرگەندىكىن ئالمىسىز رەھمەت دەپ، — دېدى.

قانچىلىك خۇش بولغىنىمنى بىلمەيمەن، گەرچە قوپاللاق، سەترەك بولسىمۇ، ھازىرقى شارائىتىمدا تېلېفون ماڭا، ياق مەن تېلېفونغا بەكلا ئېھتىياجلىق ئىدىم. مەن نېمىدېگەن بەختلىك، ئەمدى يەھيا ئاكام بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان بولدۇم.

— رەھمەت، ئاكا.

مەن شۇ خۇشاللىقىمدا تېلېفونغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك نومۇرلارنى كىرگۈزگەچ، ئويۇن ئويناپ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالدىمكىنتاڭ، بىر كەمدە تېلېفون سايراپ كېتىپ، مېنى ئويغىتىۋەتتى، سەھەر قوپۇپ كىتاب كۆرۈپ، ناشتىلىق يەپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈردۈم، مەن بەكلا خۇشال ئىدىم، ئۆيلەرنى بېسىقتۇرۇپ تۇراتتىم، ئۆي تېلېفونى جىرىڭلىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ...

— ۋەي، گەپ قىلىڭ تېلېفون ئۇرغاندىكىن.

— رەنامۇ سىز؟

— ۋاي خۇدايىم.

— ئۇف، ھەنېمە بولسا ، ئۆزىڭىز ئالدىڭىز. چوڭلار ئىلىپ قالارمۇ دەپ بەك قورققان ئىدىم.

مەن ئاران ـ ئاران ئەسلىمگە كېلىپ:

— ھە شۇنداقمۇ؟ سىزگە يېڭى نومۇرۇمنى دەپ بېرەي،

×××

— ھە، بۇ ئاكىڭىزنىڭغۇ؟
— ماڭا بېرىۋەتتى، مەن ئىشلىتىمەن.
— نېمىدېگەن ياخشى، ئەمىسە مەن شۇنىڭغا ئۇراي، بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ.
دېگەندەك بىردەمدىن كېيىنلا تېلېفون كەلدى، غەلىتىلا بىر نومۇر ئىدى.
— سىز نەدە؟
— ھە مەن تاشكەنتكە كەپ بولدۇم، مۇشۇ يەردە ئايروپىلان ئالماشقۇچە بىرنەچچە سائەت ساقلاپ قالىدىكەنمىز، شۇڭا سىزگە تېلېفون قىلىشىم، مېنى كەچۈرۈڭ.
— كەچۈرۈم سورىماڭ.
— ئەسلىي ئۇدۇللا ئۆيگە ئالسام بولاتتى، ئەمما مېنى كەچۈرۈڭ، پەقەت تاقەت قىلالمىدىم، سىز كىچىك بولغىنىڭىز بىلەن بەكلا يامان ئىكەنسىز، مېنى بۇلۇتقا قاراڭ دەپ، ھەر دېرىزىگە قارىسام سىزلا كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز، ھەربىر بۇلۇت بەئەينى سىز. قانداق كەلگىنىمنى بىلمەيمەن، ئامالىم بولسا، بۇلۇتلارنى تۇتۇۋالسام، مېنى بەكلا قىينىۋەتتىڭىز.
— كەچۈرۈڭ.
— نېمىگە كەچۈرۈڭ، سىزگە رەھمەت، رەنا. كەلگۈچە ماڭا ھەمراھ بولدىڭىز، مېنى يالغۇز قويمىدىڭىز، شۇ تاپتا يېنىمدا بولسىڭىز جېنىم چىقىپ كېتەر بولغىيمىدى،

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلارمەن، بۇنداق بولۇۋەرسەم ئوقۇشۇمنى پۈتكۈزمەيلا كېتىپ قالىمەن، سىز بىلەن بىر ئۆمۈر ياشايمەن، ئەسلىدە بېيجىڭدىلا قايتاي دېگەن، بىلەتنى ئالماشتۇرغىلى بولمىدى، ھەم گېپىڭىزنى ئاڭلاپ. ئەمما سەل پۇشايمانمۇ قىلدىم، كەتكەن بولسام بۇنچە قىينالماس ئىدىم.

— ئۇنداق دېمەڭ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. يەھيا ئاكا، ماڭا گەپ قىلىش سەل قولايسىز، ئاپاملار بار ئىدى.

— ئەمىسە بولىدۇ، مەن سىزگە يەنە تېلېفون قىلىمەن، سىزنى ياخشى كۆرىمەن.

— ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ.

— خوش.

بىز ئەنە شۇنداق خوشلاشتۇق، ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرۈپ، بۈگۈن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكىنىنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن. ئاكامنى ئىزلەپ، پات - پات تېلېفون جىرىڭلاپ قوياتتى، ئەمما تۇيۇقسىز كەلگەن بىر نومۇر مېنى ھاياجانغا سالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— مەن ھازىر كېلىپ بولدۇم، ساق - سالامەت كېلىۋالدىم، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، بىلەمسىز مەن نەدە؟

— نەدە؟

— دېڭىز بويىدا.

ـــ دېڭىز بويىدا؟
ـــ ھەئە، ئاڭلاڭ. دولقۇننىڭ ئاۋازى ياق، ياق سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، يىراقتىن بىر نىدا ئاڭلىنىۋاتىدۇ، ئۇ سىز.
مەن بولسام كۆزۈمدىن ئۇن - تىنسىز ياش ئاققۇزۇپ دەل ھازىرقى كۆز ئالدىمدىكى دېڭىز دولقۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماقتا ئىدىم، ئەلۋەتتە ئىككىسىنىڭ ئاسمان - زېمىن پەرقى بار.
ـــ رەنا ئاڭلاۋاتامسىز؟
ـــ ...
ـــ رەنا بارمۇسىز؟
ـــ ھەئە مەن بار، يەھيا ئاكا، سىزنىڭ مەكتىپىڭىز دېڭىزغا شۇنچە يېقىنمۇ؟
ـــ ھەئە، مەن تېخى ئۆيگە كەلمىدىم. ئايروپورتتىن ئۇدۇللا ئەڭ يېقىن دېڭىزغا كېلىشىم، مەن يەنە ماشىنا بىلەن تۆت سائەت ماڭسام مەن تۇرغان يەرگە بارىمەن، ئەمما ئۇ يەردىمۇ بىر دېڭىز بار.
ـــ شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە بالدۇرراق قايتىڭ، سىلەر تەرەپتە سائەت نەچچە بولدى؟
ـــ ھە، قاراڭغۇ چۈشتى. كەچ سائەت 7:00 بولدى.
ـــ ئەمىسە تېزرەك قايتىڭ، ئايروپىلاندا ئۇن نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كۆپ چارچىدىڭىز، بالدۇر بېرىپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىڭ، ھە راست، ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىشىڭىزنى چوتكىلاشنى ئۇنۇتماڭ، چىشىڭىزنى چوتكىلىغىچە ئەينەككە

بىر قاراپ قويالارسىزمۇ؟ ئەينەك باردۇ؟

— ھە بار.

— ئەمىسە ئاللاغا ئامانەت.

— ئاللاغا ئامانەت، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، سىزنى سېغىنىپ تۇرىمەن، مەن چارچىمىدىم، كەتكىچە سىزنى ئويلاپ ئۇنچە ئۇزۇن بىلىنمىدى، سىزگە رەھمەت، سىز بەك ياخشى، ئەقىللىق قىز.

— ئەمىسە خوشلىشامدۇق؟

— ئەجەب خوش دېگۈڭىز كېلىپ كەتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، سىزنى بالدۇرراق مەكتىپىگە قايتسۇن دەپچۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كەچ بولۇپ كېتىپتۇ.

— بولىدۇ، گېپىڭىزنى ئاڭلاي.

توۋا دەيمەن، تەقدىر ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇ يېنىمدا بار چاغدا، مەن ... كۆز ئالدىمدا گەپ قىلىپ يۈرگەندە مەن...

ھەتتا ئاغرىق بولمىسىمۇ ئاغرىق قىياپىتىدە ماڭا ئوكۇل ئۇردۇرغاندىمۇ، مەن ھېچ ئىش بولمىغان قىياپەتتە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، مەغرۇرانە يۈرمىگەنمىدىم؟ ئۇنىڭغا ماس كەلمەيمەن، ئۆزۈمنى بىھۇدە ئالدىماي دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ، نۇرغۇن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇق، ئەمدىلىكتە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى تاغ ـ داۋان، دېڭىز ـ ئوكيانلار ئايرىپ تۇرغىنىدا بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا ھېچبىر تاقەت يوق.

ئەنە شۇنداق ئەپسۇسلۇق ۋە شېرىن خىيال بىلەن

كەچمۇ بولدى، مېنىڭ قىلىدىغان ھېچ ئىشىم يوقتەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە خىياللىرىم بىلەن ئۇنى توختىماي سېغىنىپ، ئەسلەپ، شېرىن خىياللار دېڭىزىدا ئۈزۈپ ئولتۇرسام، توسۇقتا چۈشۈپ قالغان دېڭىز دىلفىنى چىرقىرىغاندەك تېلېفونۇم يېقىمسىز چىرقىراپ مېنى قورقۇتۇۋەتتى. ئەمما تېلېفون نومۇرىنى كۆرۈپ، باشقىچە ھاياجانلىنىپ كەتتىم، چۈنكى ئۇ ھېلىقى غەلىتە نومۇر، دەل يەھيا ئاكام ئەمەسمۇ؟

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— ئۇخلىمىغان بولغىيتتىڭىز؟

— ياق تېخى، ئەمما سىز...

— ھە، مېنىڭ كۆزۈمدە ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق، قانداق قىلىمەن رەنا قىز؟

— نېمىنى؟

— مەن ئەينەككە قارىدىم، قارىسام ـ قارىسام قارىغۇم كېلىدۇ. ئاپتاپتەك كۈلۈپ تۇرغان سېيمايىڭىز كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمەيۋاتىدۇ، ھېلىقى چاغدا ئۆيىڭىزدە كىچىك ئەينەكتە بىر پارچە رەسىمىڭىز بار ئىكەن، ئەمدى ئېلىۋالاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئاكىڭىز كىرىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئامالسىز قالدىم، ماڭا بىر پارچە رەسىمىڭىزنى ئەۋەتىپ بېرىڭ بولامدۇ؟

— رەسىمنىڭ نە كېرىكى؟

ــــ هەر قېتىم سىغىنسام رەسىمىڭىزگە قاراپ ئولتۇرسام، پورتمالىمغا سېلىۋېلىپ، ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرسەم دەيمەن.

ــــ ئەھمىيىتى بارمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە بار، سىزگە بىر سىرنى دەپ بېرەي، ئۆيۈڭلاردا تېلېفونغا چاپلاقلىق بەكلا كىچىك بىر رەسىمىڭىز بار ئىكەن، مەن ئاستا سويۇپ ئېلىۋالغان شۇ بار، پورتمالىمغا چاپلىۋالدىم، ھازىر شۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرىمەن.

ــــ شۇنداقمۇ؟

ــــ شۇنداق، ئەمما سىزدە مېنىڭ رەسىمىم يوقتە؟

ــــ ماڭا كېرەك ئەمەس.

شۇ چاغدا ئۇ جىممىدە بولۇپ قالغان ئىدى ۋە:

ــــ بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟

ــــ ھەئە راست، مەن سىزنى رەسىمگە قارىمىساممۇ تولۇق ئەسلىيەلەيمەن.

ئەمەلىيەتتە دېگەنلىرىم تۈپتىن يالغان ئىدى، ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ تىكىلىپ قاراپ باقمىغان ئىدىم، پەقەت يىراقتىنلا كۆرگەن، چاچلىرىنىڭ قويۇق، كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىلا كۆز ئالدىمدا نامايان بولاتتى.

ــــ سىزگە بىر گەپ دەي، ئاڭلاشنى خالامسىز؟

ــــ دەڭا.

ــــ نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاكىڭىز بىلەن چوڭ بازاردا رەسىمگە چۈشكەن، ئاكىڭىزدا بىر پارچىسى بار.



www.uyghurkitap.com

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ ھاياجىنىمدىن ئۆزۈمنى تاس - تاس قالدىم تۇتۇۋالىمغىلى، ئەمما ئۇنىڭ مېنى باشقىچە ئويلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ جىممىدە:

— شۇنداقمۇ؟ — دېيەلىدىم.

— ھەئە.

مەن ئارتۇق گەپ قىلماستىن كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى ئۇخلاڭ دېسەم، ئۆتۈنەي، يەنە بەش مىنۇت پاراڭلىشايلى دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن:

— رەنا، سىزنى يېنىمغا ئەكېلىۋالىمەن، بۇنىڭغا قوشۇلامسىز؟ كېلىشنى خالىسىڭىزلا، ئەمما خالىمىسىڭىز ماگىستىرلىقمنى پۈتكۈزۈپلا قايتىمەن، ئاندىن سىز بىلەن توي قىلىمەن، قوشۇلسىڭىز ئىككىمىز بىللە ئوقۇيمىز، نېمىدېگەن ياخشى. دېڭىز بويلىرىدا بىللە سەيلە قىلساق، ئىشقىلىپ سىزنى خۇشال قىلسامكەن دەپ ئويلايمەن.

— خالامسىز؟

— بولىدۇ.

— ئەمما سىز باكالاۋرلىقنى ئېلىپ بولغاندا تېخىمۇ ئاسان بولاتتى، بۇ يەردە سىزمۇ تېنەپ قالمايسىز، بولمىسا نۇرغۇن نەرسىلەرنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

— ماقۇل.

— ئەمىسە سىز ئوقۇش ئىشىنى ئۇقۇشۇپ بېقىڭ، بەك ياخشى بولدى، ئەلۋەتتە سىزنى جاپا تارتقۇزۇپ قويۇشنى ئەسلا خالىمايمەن. سىزنى بەختلىك، خۇشال ئۆتسىكەن دەپ

ئويلايمەن.

— بولىدۇ، مەن تىرىشىپ كۆرەي.

— رەھمەت سىزگە رەنا، سىزنى قوشۇلماسمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم. سىز كىچىكىڭىزدىن ئاتا ـ ئانىڭىزدىن ئايرىلىپ باقمىغان، بۇ يەردە يالغۇزلۇق، سەرگەردانلىق، غېرىبلىق ئادەمنى ئەڭ قىينايدۇ، ئەلۋەتتە كەلسىڭىز بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ مەن كۆرگەن كۈننى كۆرسەتمەيمەن، مەن...

ئۇ شۇنداق دەپ بېشىدىن ئۆتكەن بەزىبىر ئىشلارنى، بېيجىڭدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، قانداق يول بىلەن قانداق جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن ھازىرقى كۈنگە كەلگەنلىكىنى، يات ئەلدە تىل، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى قانداق يەڭگەنلىكىنى، شۇ جەرياندا ئىنگلىز تىلى، تۈرك تىلى، ئەرەب تىلى، رۇس تىلى قاتارلىقلارنى ئۆگەنگەندىن تارتىپ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكىگىچە، ھەتتا ئوقۇشتىن باشقا ۋاقىتلاردا شىركەتلەردە ئۇ شەھەردىن بۇ شەھەرگە قاتراپ خىزمەت قىلغانلىقىنى، قىسقىسى ئۆزى يالغۇز تاماق ئەتكىنىچە ھەممىسىنى دەپ بەردى. مەن پەقەت ھە، ھە دەپ بارلىق ۋۇجۇدۇم بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، دېمىسىمۇ ئۇ نېمىدېگەن قابىلىيەتلىك! ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا 26 ياش ئىدى، بۇنداق ياش، قابىلىيەتلىك، يەنە كېلىپ ئەقلى، روھىغا، مۇھەببىتىگە گەپ كەتمەيدىغان بۇنداق بالىنى ئەلۋەتتە مەن كۈندۈزى چىراغ تۇتۇپمۇ

تاپالمايتتىم. شۇ مىنۇتلاردا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ: «يېنىڭىزدا بولسامچۇ كاشكى، يۇرەردە يولدىشىڭىز، تۇرار چاغدا قولدىشىڭىز بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە! سىزگە كۈندۈزلىرى قۇياشتەك ھەمراھ بولسام، كەچلىرى ئۇستەل چىرىغىدەك ئەتراپىڭىزنى يورۇتۇپ دەرس تەكرارلىشىڭىزغا ياردەملەشسەم، ئەگەر كارىۋىتىڭىزدا ئەخلەت كۆرۈپ قالسام ئۇنى چاچلىرىم بىلەن سۈپۈرسەم، چاڭ ـ توزاندىن كۆڭلىڭىزگە مالاللىق يەتكەندە كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇ سەپسەم، ئۆز ئەكسىڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك ئىزدىگىنىڭىزدىن يۈزۈمنى يۈزىڭىزگە ئۇدۇل تۇتۇپ بەرسەم، كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھلىقىڭىزنى قىلسام، قولىڭىزغا تىكەن كىرىپ كەتكىنىدە، ئۇنى كىرپىكىمنى يىڭنە قىلىپ چىقارغان بولاتتىم» دېگۈم كېلىپ كەتتى. ئەمما مەن بۇ گەپلەرنى دېيەلمەيتتىم، مانا ھەتتا تا بۈگۈنگىچە دېيەلمىدىم.

ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ دەرھال رەسىملەر ئارىسىدىن ئۇ دېگەن رەسىملەرنى كېچە بولغىنىغا قارىماي ئىزدىدىم، تەلىيىمگە ئاكام بۈگۈن نۆۋەتچى بولغاچقا، ئۆيدە يوق ئىدى. ئاھ تەڭرىم، مانا ئاخىرى ئىزلىگەن رەسىمنى تاپتىم، رەسىمگە قاراپ باشقىدىن روھلاندىم. مۇشۇ مىنۇتلاردا دەردىمگە دەۋا، جېنىمغا شىپا بۇ رەسىم مېنى ئالەمچە شادلاندۇردى.

بۇ مۇدھىش كېچە ئاخىرى ئاق تونىنى كىيىپ، قۇياش

www.uyghurkitap.com

نەلەردىندۇر ئېرىنچەكلىك بىلەن چىقتى، مەن بولسام جېنىم تېپىرلاپ تۇرالمىدىم، چاقچاقلىراق 10 بولسا، پەسكە چۈشۈپ رەسىمنى چوڭ قىلىپ يۇغۇزسام. كۆتكەن مىنۇتلارمۇ يېتىپ، پەسكە ئوقتەك يۈگۈردۈم، رەسىمچى ئايال ئەڭ چوڭ بولغاندا 12 سۇڭ قىلالايدىغانلىقىنى ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇپ كەتسە، رەسىمنىڭ ئېنىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەيپىمنى ئۇچاردى.

ــــ ئەتە سائەت 10 دىن كېيىن كېلىڭ.

ــــ ياق، ماڭا بۈگۈن هازىرنىڭ ئۆزىدە كېرەك.

ــــ هازىر چىقىرىپ بەرسەم، پۇلنى كۆپرەك تۆلەيسىز مەيلىمۇ؟

ــــ هە مەيلى، ماڭا بەك جىددي.

ــــ ئەمىسە بىرىم سائەت ساقلاڭ.

دېگەندەك بىرىم سائەتتىن كېيىن چىقىرىپ بەردى، يەهيا ئاكامنىڭ باش قىسمىنى كېسىۋېلىپلا باشقا يەرلىرىنى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىپ قويدۇم.

ــــ بۇ سىزمۇ يەهيا ئاكا، مەن سىزگە تۇنجى قېتىم تىكىلىپ قارىشىم ئىدى، مەن ئۈيلىنىغاندىنىمۇ نەچچە هەسسە.

تىۋۋا دەيمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم، رەسىمدە بولسىمۇ ئۇنى كۆرۈشنىغۇ كۆردۈم، يۈزلىرىم قىزىرىپ شۇنچىلىك خىجىل بولدۇم. باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ رەسىمنى هېچكىم تاپالمايدىغان يەرگە تىقىپ قويدۇم، ئۆزۈم تېز سۈرئەتتە يۇقىرىلاپ ئوقۇش رەسىمىيەتلىرىنى بېجىرمەكچى بولدۇم،

ئـەمما مـەن ئۈچـىنچى ئـايلىق ئوقۇشـقىمۇ ئالالىقاچـان كېچىكىپ قاپتىمەن، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ گۈزەل ئـارزۇ - ئارمـانلىرىم شـۇنداقلا يوققـا چىقـارمۇ؟ يېنىڭىزغـا ئـەمدى بارالماسـمەنمۇ؟ سـىزنىڭ مېـنى دەپ ئوقۇشـىڭىزنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايمەن، ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ئەۋزەلرەك.

كـۆڭلۈمنىڭ يېـرىملىقىنى كۆرگـەن هـاۋانىڭمۇ پـەيلى بۇزۇلغان بولسا كېرەك، يامغۇر هەدەپ ياغماقتا، كىشىلەردىن خىجىل بولمىغان بولسام ئۇ يامغۇرغا قوشۇلۇپ بار ئاۋازىمنى قويۇۋېـتىپ يىغلىۋالغـان بولاتـتىم. گـەرچە ئـاهلىرىم پـەلەكلەردىن هالقىغـان بولسـىمۇ، هىجـران ئىچىـدە بىـر نەپەسـمۇ ئـالالىمىدىم. ئەگـەر سـىزنى پـات - پـات كۆرەلىگـەن بولسام، هېچبىـر غېمىم يوق ئىدى. شۇ تاپتا تالاي قېتىم ئۆلگـەندىن ئـارتۇقراق بولـدۇم، ئـەمما ۋىسـالىڭىز ئۈمىـدى بولغاچقىلا هاياتمەن. تەڭرىمنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋارمەن، دېڭىزغـا چۈشكەن هـەربىر بىچارە ئەگـەر قـول -پۇتىنى تـەڭ هەرىكەتلەندۈرسـە قۇتۇلغىنىغـا ئوخشـاش، تەڭرىگـە يـالۋۇرۇپ يۈرۈپ، سەۋرىمىزگە سەۋر تىلەپ، ئاهلىرىمىز تەڭرىمگە يەتسە، كۆنلـەرنىڭ بىـر كۈنـىدە كۆرۈشۈپـمۇ قـالارمىز دېگـەن خۇشـاللىقىم بـار، بۇگـۈنكىدەك تېلـېفون ئـۇرۇپ تۇرسـىڭىز، مەندە ئالەمچە ئۈمىد تۇغۇلۇپ، سىز هەر ۋاقىت يېنىمدا ماڭا مـەدەت بېرىۋاتقـاندەك هـېس قىلىمـەن. ئەگـەر مېـنى شـۇ غەملـەردىن قۇتۇلـدۇرۇپ خۇشـال قىلسـىڭىز، قۇلىڭىـز

بولاتتىم.

بىر كۈنى تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، تېلېفونۇم جىرىڭلىدى، ئۇنىڭ بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. دېگەندەك شۇ ئىكەن، بىز خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق، كۆڭلىنىڭ يېرىملىقىنى ئېيتتى، ئەسلىدىنلا يېرىم كۆڭلۈم پارە - پارە بولۇپ كەتتى، ئەڭ يامىنى خوشلىشىپ تېلېفوننى قويۇۋېتىپلا، ئارقىدىنلا قايتىلغىنى بولدى، شۇ تاپتا يېنىغا ئۇچۇپلا بارغۇم كېلەتتى، ئاللىقانداق خىياللار بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم، مەنمۇ ئۆزۈمگە لايىق ھەرخىل ئازابلارنى تارتىپ باققان، بىراق مۇھەببەت ئازابىنى تارتىپ باقماپتىكەنمەن. مېنىڭ بىرىنچى مۇھەببىتىم، بىرىنچى خۇشاللىقىم، ئۇنىڭغا باغلانغان گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكىنى پەقەت داستانلاردا ئاڭلاپ كېلىۋاتقان، خىيالىي دۇنيارىمدا توختىماستىن سەيلە قىلىپ، شادلىق دېڭىزىدا ئۈزۈۋاتىمەن، باھاسى ئەرزان، قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆز - ئۆزۈمنى خۇشال قىلماقتىمەن، كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتتى، خىزمەت ئىزلەپ بولغۇچە ئىنگلىزچە كۇرستا بىر مەزگىل ئوقۇغان بولدۇم، شۇ جەرياندا ئاللىكىملەر بىلەن تونۇشۇپ، كۈنلىرىم ھەرھالدا ياخشى ئۆتمەكچى ئىدى. يەھيا ئاكام بىلەنمۇ دائىم دېگۈدەك تېلېفوندا پاراڭلىشىپ تۇراتتۇق. شۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭدىن «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن ئىنگلىزچە قىسقا ئۇچۇر كەلدى، قانداق خۇش بولۇپ كەتكىنىمنى بىر ئۆزۈملا بىلىمەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە.

بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىۋاتسام، تېلېفونۇم جىرىڭلىدى، سىلەر تەرەپتە تېخى ئەتىگەن ئىكەن، مەن قەۋەتلا خۇشال بولدۇم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئوقۇشلىرىڭىزچۇ؟

— ھەئە ياخشى.

— چوڭلارچۇ؟

ئىشقىلىپ ئۇ ھەر قېتىم تېلېفون قىلغىنىدا پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى، ھەتتا قولۇم - قوشنىلارنىمۇ سوراشنى ئۇنۇتمايتتى، ھەتتا ھاۋارايىنىمۇ سوراپ ئۆلگۈرەتتى.

— ھەممىسى ياخشى.

— ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسىز، شۇڭا ئەتىگەندىلا تېلېفون ئۇرۇۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟

— مەنمۇ سىزنىڭ چۈشىڭىزگە كىرەمدىم، رەنا؟

— ياق!

— بىرەر قېتىممۇ كىرىپ باقمىدىممۇ؟ ئىشەنمەيمەن.

— ياق، كۈندۈزلىرى ئويلىغىنىم يەتمىگەندەك، كېچىسىمۇ بىئارام قىلماقچىمۇ سىز؟

— مېنى راستتىنلا ئويلامسىز؟

— سىزنى نېمىشقا ئويلىغۇدەكمەن، ئويلىغىلى نەرسە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاپالمىغاندەك سىزنى ئويلامدىم؟
— بەكلا گەپدان بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟
— ئىلگىرى گاچىمىدىم؟
— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس، شەيتان قىز.
— بىرنەچچە كۈندىن كېيىن روزى ھېيت كېلىدۇ، ھېيت تەييارلىقىنى قىلىشىپ بەرگىلى ئادەم ئەۋەتەمدۇق؟
— ياق، ئۆزىڭىزلا كەلگەن بولسىڭىز، باشقىسى نەھاجەت.
— ئەمىسە مېنى خىيالەن كەلدى دەپ پەرەز قىلىڭ.
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەندە ئەمدى، سىزگە ھېيتلىق تەييارلاپ قويىمەن تېز كېلىڭ.
— ئەمىسە ھېيتلىقنى دەپ بولسىمۇ بارسام بولغۇدەك.
— بولدى يەھىيا ئاكا، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدىم، ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىللە پاراڭ قىلىپ مېڭىشىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت.
— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقلا بولىدىغان بولسا، كۈندە مۇشۇ چاغدا تېلېفون قىلاي.
— ياق بولدى، ماڭا مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزى كۇپايە. بۇنىڭدىن كېيىن سىز بارىدەك، ماڭا توختىماستىن گەپ قىلىپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ماڭسام بولمىدىمۇ؟ كۈندە ئەتىگەن ماڭا تېلېفون ئۇرۇپ، ۋاقتىڭىزنى ئىسراپ قىلماي، كىتابىڭىزنى ياخشى ئوقۇڭ.
— مەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرساملا بولىدىغۇ، مەندىن غەم

قىلماڭ، سىزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم.
— ئۇنداق دېمەڭ، سىزگە دېسەم «تۇرمۇش — سۆيۈش دېمەكتۇر، ھەقىقىي سۆيگۈگە ئېرىشكەن كىشىلەر ئەلۋەتتە تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، مۇھەببەت مەڭگۈلۈك تېما، كىشىلەرنى مەست قىلىدۇ، قوغلىتىدۇ ۋە ئىنتىلدۈرىدۇ. يەنى مۇھەببەت گۈللىرىنىڭ دالدىسىدىكى تاتلىق پىچىرلاش ئەمەس، شاپتۇلزارلىقتىكى شېرىن ـ شېكەر سۆزلەرمۇ ئەمەس، ئاسان تۇتۇلىدىغان كۆز يېشىمۇ ئەمەس، مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇش تېخىمۇ ئەمەس، مۇھەببەت ئورتاق ئاساسقا قۇرۇلىدىغان ھېسسىيات.» بۇنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلىمىدىڭىزمۇ؟
— دەڭا، نەدە؟
— رەنارىمنىڭ ئېغىزىدا.
— ئەسكى، قاراڭا سىزنى، راستلا ئېسىڭىزگە كەلمىدىمۇ؟ تىل تەتقىق قىلىدىغان، جەمئىيەتشۇناس تۇرۇپ بىلمەي قالامسىز، شېكىسپېرنىڭ گېپىغۇ؟
— قاراڭە ماۋۇ شەيتانچاقنى، كىچىككىنە تۇرۇپ نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز بۇ گەپلەرنى.
— مەن كىچىك ئەمەس، ئەمدى مېنى كىچىك دېمەڭ.
— ئەمىسە مېنى ئاكا دېمەڭ، قاچان ئاكا دېيىشتىن توختىسىڭىز مەنمۇ چېقىشمايمەن، بىر قېتىم ئىسمىمنى چاقىرىپ بېقىڭا؟ سىزنى ساقلاۋاتىمەن، چاقىرىڭە بىرلا قېتىم.

— ئەمىسە خوش.

— ھە بولىدۇ، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، سىزگە تېلېفون قىلىمەن، يەنە بىر - ئىككى كۈندە سەل ئالدىراش بولۇپ قالىمەن، باشقا بىر شەھەردە بولۇپ قالىدىغاندەك، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، سىزگە تېلېفون بېرىشنى ئۇنتۇمايمەن، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، خەير - خوش.

مېنىڭ ئۇنى ئۇدۇللا يەھيا دەپ چاقىرغۇم كېلىدۇ، بىر كۈندە تالاي قېتىم چاقىرسام پۈتۈن كىتابلىرىمغا ئىسمىنى يېزىپ تولدۇرۇۋەتسەم. يەھيا، يەھيا، نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم بۇ. مېنىڭ يەھيارىمغا ئوخشاش سانسىزلىغان قابىلىيەتلىك، ساداقەتمەن ئاق كۆڭۈل يىگىتلەرنى تۇغۇپ، ئۇنىڭغا يەھيا دەپ ئىسىم قويغان ئانىلارغا رەھمەت ئېيتقۇم كېلىدۇ. يەھيا...

خىيالىمدىكى ئوتلۇق سۆيگۈ، ئىزگۈ تىلەكلىرىم، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىم مۇھەببەت بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ يۈرگەندە روزى ھېيت كەلدى، مەن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم تېلېفون قىلدىم، ئۇمۇ ئالەمچە خۇشال بولدى.

ئانچە ئۇزۇنغا قالمىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كېلەتتى، ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئويلىدىم، نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى قالدۇرۇشنى ئەسلا بىلەلمىدىم. قوللىرىم تىترەپ، زادىلا خەت يازالمىدىم. شۇنداقتىمۇ ئاخىرى غەيرەتكە كېلىپ خەت يېزىشقا تەمشەلدىم، يېزىپ بولۇپ قارىسام، تۆت بەتتىن ئارتۇقراق بولۇپتۇ. لېكىن، بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەت تولىمۇ ھەسرەتلىك ۋە قايغۇلۇق چىققاچقا، ئۇنى ئەۋەتمەي باشقىدىن يەنە بىر پارچە يازدىم ھەم ئاددىيغىنە بىر سوۋغىتىم بىلەن تۇغۇلغان كۈنىگە ئۇلگۈرتۈپ سېلىۋەتتىم. خىيالىمدا 15 كۈنلەرنى مۆلچەرلەپ سالغان ئىدىم. كىم بىلىدۇ تاغ ـ داۋان ئېشىپ بولالماي، خېتىم قولىغا خېلىلا كېچىكىپ تەگكەنىدى.

ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ھازىر ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمىنى تەبرىكلىمەيدىغان بىرمۇ قىز ـ يىگىت بولمىسا كېرەك. ئەنە شۇ يىلى قىز بولۇپ يارىلىپ مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن چېغىمدا ھاياتىمدىكى تۇنجى ئاشىق ـ مەشۇقلار بايرىمىنى كۈتۈۋالدىم. كۆڭلۈم شۇ قەدەر پەرىشان ھەم شۇ قەدەر خۇشال ئىدىم.

مېنىڭمۇ سۆيگەن يىگىتىم بار ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ تېلېفونى جېنىمنىڭ راھىتى ئەمەسمىدى. ئويلىغىنىمدەك ئۇ ماڭا تېلېفون قىلدى، شۇ مىنۇتلارنى، ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.

يىل ئاينى، ئاي كۈننى قوغلاپ ئارىدىن ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

نىھايەت بىر كۈنى تېلېفوندا رەنا قىز مېنى چۈشىنەمسىز دەپ سوراپ قالدى ئۇ.

ــــ ياق چۈشەنمەيمەن. ئەمما چۈشەنمەي تۇرۇپ قۇربان بېرىشكە رازىمەن.

ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى.

www.uyghurkitap.com

— نېمە بولدىڭىز گېپىم ياقمىدىمۇ؟ ئەجەبا سىز مېنى چۈشىنەمسىز .

— چۈشىنىمەن، سىزنى 20 يىل باققان ئاپىڭىزدىنمۇ ياخشىراق چۈشىنەمدىمكىن دەپ ئويلايمەن.

ئۇ مېنى چۈشىنىدىكەن. ياق، ياق، ياق بۇ خاتا بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى .

بىر كۈنى بىر كىنو كۆرۈپ قالدىم. «ئەر كىشى كاتتا بىر ئالىي مەكتەپنىڭ پروفېسسورى ئىكەن، ئايالى بولسا ئائىلە ئايالى بولۇپ، بەزىدە ئۇششاق تىجارەت بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ قويىدىكەن، ئۇلارنىڭ بىر جۈپ قىزى بولۇپ بۇ ئىناق ئائىلىگە بىردىنلا چېچەك چىقىپ بۇ بىلىملىك پروفېسسور جىۋىننىڭ كۆڭلى پوقىقا چۈشۈپتۇ دېگەندەك باشقا بىر ياش ئايالنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ، باللىرىنىڭ ئاپىسى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە، بىلسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ سەۋر قىلىپ ئۆتتۈۋېرىپتۇ. ئاچچىقنىڭ دورىسى سۈكۈتتە. ئەمما باللىرىنى ئويلاپ ھەممىگە بەرداشلىق بەرگەن ئانا كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك يولدىشىنىڭ ئارتۇق گېپىنى ئاڭلىۋاپتۇ. يولدىشى بىر كۈنى:

— سىزگە قانداق قىلسام گەپ چۈشەندۈرىمەن. بىزنىڭ «مەدەنىيەت سەۋىيىمىز ئوخشىمىغاچقا» سىزگە گەپ چۈشەندۈرمەك ئەجەب تەس كەلدىغۇ، — دەپ قويۇپلا چىقىپ كېتىپتۇ.

ھەممىگە بەرداشلىق بەرگەن ئانا بۇ گەپكە نېمىمۇ

دېيەلىسۇن: بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ قاپ كۆتۈرۈپ نەگە بارايمەن دېگەندەك جىمجىتلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە ھەممە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىر ئاددىيغىنە ئۆيدە ئولتۇرۇپ تىرىكچىلىكنى قىلىپتۇ. قىزلىرى ئانىنىڭ يېنىغا كېلىۋاپتۇ.

دادىسى بولسا ھېلىقى ياش ئايال بىلەن قاپتۇ، ئەمما توشقان تېرىسى ئۈچ كۈن چىدار دېگەندەك بالىلىرىغا ۋاپا قىلمىغان ئەر ماڭا قانچىلىك قىلماقچىدى دەپ ئۇ ئايالمۇ ئۆزىنىڭ بىلگەن سەنىمىگە دەسسەپتۇ.

بۇ ھېكايىدىكى «مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ گېپى» ماڭا تەسىر قىلدىمۇ، قانداق، بىر كۈنى يەھيا ئاكامغا يىراقتىن پۇرىتىپ گەپ قىلسام شۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەلۋەتتە، مەن يەھيا ئاكامنى جېنىمدىنمۇ ئەزىز بىلەتتىم. بەلكىم مەن ئارتۇق ئويلاپ كەتكەندىمەن. ھەممىمىز ئائىلىنى مەركەز قىلىپ ياشايمىز. شۇ مۇكەممەل ئائىلىمىز ئۈچۈن ئاق چۈمۈلىدەك توختىماستىن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز. ئائىلە گۈزەل، ھاياتلىق تېخىمۇ گۈزەل، ئۆي تۇتماق كىچىك بالىنىڭ ئۆي ياساپ ئوينىغىنىغا ئوخشىمايدۇ. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قورغانغا مۇستەھكەم بىر باشچىنىڭ بولغىنىدىن سىرت قابىل ياردەمچىمۇ بولۇشى كېرەك. بولمىسا...

ئاردىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مەنمۇ خىزمەتكە چىقتىم. بىز ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دېيىشىپ

قالدىغان بولدۇق. بىر كۈنى ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازدىم.

ھۆرمەتلىك يەھيا ئاكا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ئىلاھىم شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ماڭا بىر مەزگىل خۇشاللىق، مۇھەببەت ئاتا قىلغىنىڭىزغا رەھمەت. بۇ جەرياندا مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن خېلى كۆپ رىيازەت چەكتىڭىز. ھاردۇقمۇ يەتتى ئېھتىمال. كۈتكەن يەرلىرىڭىزدىن چىقالمىدىم. مېنىڭ يەنە سالاھىيىتىم توشامدىغاندۇ بىلمىدىم، قەلبلىرىمىزنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە چۈشىنىشمىسەكمۇ يېقىملىق كۇلۇشۇپ ئۆتتۇق. قاساپتىن گۆش ئالساق، ئۈستىخان ئارىلاش بەرگەندەك، بۇ يېقىملىق كۇلكە ئاستىغا نۇرغۇن - نۇرغۇن مەنىلەر يوشۇرۇنغان. مەن بەلكىم سىز كۈتكەندىكىدەك ياخشى تەسىر بېرەلمىگەن بولۇشۇممۇ مۇمكىن. شۇڭا، پايانسىز دېڭىز كەبى قەلبىڭىز بىلەن مەن كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خاپا بولماي يۇيۇۋەتكەيسىز، ۋاي خۇدايىم، بۇ خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكەن مۇھەببەتلىك ھاياتىمىزنى دېمەمسىز، ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۇنتۇيالمايدۇ كىشى. لېكىن يەھيا ئاكا، شۇنىمۇ دەپ قوياي، سەدىقە ئېلىش قەلەندەرنىڭ ئىشى بولسىمۇ، دەردلىك تېنىمنى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىمەن دەپ دەز كەتكەن يۈرىكىم ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئۇپراتماڭ، مەن قوبۇل قىلالمايمەن. ئەسلىدىنلا سىزگە بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقى مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، سىز خۇشال بولسىڭىز مەنمۇ

خۇشـال بولـمـەن، كـۆڭلۈم ئـارام تاپـىدۇ، تەنـە قىلـىپ ئېيتمىدىم، ماڭا ئىشىنىڭ، سالامەتلىكىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ.

سىزگە يىراقتا تۇرۇپ بەخت ۋە ئامەت تىلەپ: رەنا.

خېتىمنى ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتۇردۇم، ئەلۋەتتە بۇ كـۆڭلۈمدىكى گەپلەر ئەمـەس ئىدى، مەن ئۇنى قانچىلىك ئويلايدىغانلىقىمنى، بىر تەڭرىم، يەنە بىر ئۆزۈم بىلسەم كېرەك، مەندە پەقەت مۇھەببەت ھەسرىتىدە تۆكۈلگەن ياش دېغىلا بار ئىدى، ئۇ مېنىڭ ئۈمىدىم، ھاياتىم ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ئەمەسمىدى؟ بۇ خەتنى قانداق غەيرەتكە كېلىپ يازغىنىمنى، قايسى قەدەملىرىم بىلەن بېرىپ سېلىۋەتكىنىمنى، ماڭا قايسى غايەت زور كـۈچ مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمىدىم.

ئىشلەۋاتقان بىر كۈنى تېلېفون كەلدى.

— خېتىڭىزنى كۆردۈم، نېمە گەپ ئۆزى؟

— ئوقۇپ چۈشىنەلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، مەن چۈشەنمەيمەن، بالىلىق قىلماڭ، بۇ ئىشلارغا بۇنداق ئېغىر چاقچاق قىلماڭ بولامدۇ؟

گەپ ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ چىڭىغا چىققان ئىدى، قەلبىمدىكىنى ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق ئاشكارا قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ ھەممىسى يالغان، يۈرەك سۆزۈم ئەمەس، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېگۈم كېلەتتى، ئەمما مەن دېيەلمىدىم.

— ھەئە، چاقچاق قىلغىنىم يوق.

— ئۇنداقتا بىلدىم، رەنا، ھەممىنى بىلدىم، مېنىڭ ھازىر يەنە گەپ قىلىشقا تاقىتىم يوق، كېيىن پاراڭلىشايلى، ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، ئاللاغا ئامانەت، — دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم مەندىن ئاۋۋال تېلېفوننى قويۇۋېتىشى ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىم ئىكەن، دەرھال كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ، بۆلۈمدىن شامالدەك چىقىپ كەتتىم، ئىچىمگە تولۇپ كەتكەن يىغانلىرىم ۋولقاندەك پارتلاپ چىقتى، كۆز - ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلماقتا، ئاسمانمۇ مەن بىلەن بىللە يىغلىماقتا، پۈتۈن يەر - جاھان يىغلىماقتا، كۆزلىرىمدىكى ياشلار يامغۇرغا، يامغۇرلار ياشلىرىمغا بىرلىشىپ، يەرلەرنى شورلۇققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. يامغۇر ئاسماندىن يەرگە ياغدۇ، يامغۇر سۈيى چۈشكەن جايلار ياپيېشىل، يامغۇر سۈيى تەگمىگەن جايلار قۇملۇق بولىدۇ. قايسى بىر قىز قەلبىنىڭ قۇملۇققا ئوخشىغۇسى بار. ئاھ تەڭرىم! سۆيۈش سۆيۈلۈشتىن جاپالىق ھەم ئازابلىق بولىدىكەن، ئەلۋەتتە مەنمۇ سۆيۈلگۈچى بولۇشنى خالايمەن، مەن ھازىر شۇنچىلىك ئازاب ئىچىدە ئىڭراۋاتىمەن، مېنى جېنىمدىن ئەزىز بىلگەن يەھيا ئاكام شۇ تاپتا نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ يات ئەلدە، سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى ئاران - ئاران ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلىپ ئاۋارە، غېرىب، مىسكىن، يالغۇز يەھيا ئاكامنىڭ دەردىنى ئاڭلىغۇدەك يېنىدا بىرسى بارمىدۇ؟ جۇدالىق ئوتى تېنىڭنى كۆيدۈرگەندە ئۇ ئوتقا سۇ سېپەرگە

ئادىمىڭ بارمىدۇ؟ ئۆز غەملىرى ئازلىق قىلمىغاندەك غەم ئۈستىگە غەم قوشۇپ كۆڭۈل ئارامى بۇزۇلغاندا گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، خىيال دېڭىزىدا غەرق بولغاندا، ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇدەك، تەسەللى بەرگۈدەك دوستى بارمىدۇ؟ ياكى مەندەك شۇنچە ئازارلار ئىچىدە تۇتقان - قويغىنىنى بىلمەي يۈرەمدىغاندۇ؟ شۇنداق، يېگەن يېگەندەك بولماي، ئىچكەن ئىچكەندەك بولماي يۈرگەن كۈنۈمنىڭ بىر كەچلىكى تېلېفونۇم سايرىدى، خۇشياقمىغاندەك:

— تىنچلىقمۇ؟ — دەپ ئالدىم.

— بۇ مەن رەنا، بۇ مەن!

ۋاي خۇدايىم، شۇ تاپتا كاللامدا بىنانى سوقۇپ ئۆرۈۋەتكۈدەك چاقماق چاقسىمۇ بۇنچە ھودۇقمىغان ھەم ھەيران قالمىغان بولاتتىم، زۇۋانىم ھېچ گەپكە كەلمەيتتى، چۈنكى نومۇر ئۆرۈمچىنىڭ نومۇرى ئىدى. ئار - نومۇسۇمنى، قىزلىق غۇرۇرۇمنى دېمىسەم، پەلەمپەيدىن ئەمەس، بىنادىن ئۆزۈمنى ئاتقىنىمچە ئالدىغا بارغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەچ سائەت ئاللىقاچان ئوندىن ئاشقان چاغ ئىدى، مەن تېخىچە ئەس - ھوشۇمنى يىغالماي ئولتۇراتتىم، تېلېفوندىن ۋەي، ۋەي رەنا دېگەن تونۇش ئاۋاز توختىماي ياڭراتتى.

— ھە...

— مەن ھازىر ئايروپورتتىن كېلىشىم، ئەسلى ئەتە بىراقلا تېلېفون بېرەي دېگەن ئىدىم، ئەمما سىزنى تاپالماي

قالارمەنمۇ دەپ بۈگۈن ئۇرۇشۇم، ئەتە ئەتىگەن سائەت 8:00 دە، يەنئەن يولىدا سىزنى ساقلايمەن، چىقىڭ، سىزنى بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، خەتلىرىڭىزدىكى، تېلېفوندىكى گەپلەرنى ئەمدى مېنىڭ ئاڭلىغۇچىلىك ھالىم يوق، ئەمدى بولغاندا بولسىمۇ مېنى خاتىرجەم قىلىڭ، ئەتە كۆرۈشەيلى بولامدۇ؟ ۋەي ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى، ئارامىڭىزنى بۇزدۇم، كەچۈرۈڭ ئەتە كۆرۈشەيلى، ئاللاغا...

— ياق، ياق توختاڭ، سىز ئالاھىدە مۇشۇ ئىشنى دەپ كەلدىڭىزما؟

— ھەئە.

— ئون نەچچە سائەت ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ...

— ھەئە.

ئاھ تەڭرىم، ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئۆزۈمگە قەۋەتلا ئۆچ بولۇپ كەتكەن ئىدىم، شۇ تاپتا لېۋىمنى لېۋىمگە چىشلەپ تۇراتتىم، مەن يەنە ياخشى قىلمىغىنىمنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان بولسامىمۇ، ئەمما ھازىر ئۆزۈمنى چاياناپ پۇركۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايتتى، ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئەيىبلەپ، يەھيا ئاكامنى شۇنچە يىراقتىن كەلگۈزگىنىمنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى مىڭ مەرتىۋە كەچۈرەلمەيتتىم.

ئەمما مەن ئىككىنچى خاتالىقنى سادىر قىلدىم، خاتالىق ئەمەس، ئۆمۈرلۈك پۇشايمان، دەرد ـ ئەلەم، ئازابتۇر،

ئېھتىمال.

— ياق، مەن چىقالمايمەن، — بەلكىم ئۇنىڭدىمۇ چاقماق چاقىقاندەك بىر ھالەت بولغاندۇ، بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ:

— رەنا، مەن شۇنچە يىراقتىن بۇ گەپنى ئاڭلىغىلى كەلمىدىم.

— توغرا مەن چىقالمايمەن.

— ئەمىسە ئۆيگىلا مەن باراي.

— بولدى كەلمەڭ، سىز كەلسىڭىز، مەن چىقىپ كېتىمەن، — ئۇ چاغلاردا ئۇ مېنىڭ ئىشلەۋاتقىنىمدىن خەۋەرسىز ئىدى.

— چىقىپ كېتىمەن، نەگە؟

— كوچا ئايلىنىمەن.

ئارىنى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

— بولدى ئەمىسە، كوچا ئايلىنىدىغان ئىشنى مەن قىلاي، سىز ئۆيدە بولۇڭ، مەن باراي.

بۇ گەپ بەلكىم كېيىنكى ئۆمرۈمدە تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە ئېسىمدىن چىقماس، يۈرىكىمنى پۇچۇلاپ ئوتتا كۆيگەندىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتەرمەن، ھېلىھەم بۇ گەپ ئېسىمگە كەلسە، روھىي دۇنيارىم چىقىپ كەتكەندەكلا بىلىنىپ، بىر مەھەلدىن كېيىن ئەسلىمگە كېلىمەن.

— ياق، ياق توختاڭە، سىڭلىڭىز بىزنىڭ ئۆيدە، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشمەمسىز؟

— ياق كۆرۈشمەيمەن، ماڭا ئەمدى ھەممە نەرسە ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ.
— دەڭا، قانچە كۈن تۇرىسىز؟
— سىز بىلەن كۆرۈشەلىگەن بولسام تۆت كۈنلۈك ۋاقتىم بار ئىدى، ئەمدى ئەتە سەھەردىلا قايتىمەن.
— نېمە؟ ئاتا - ئانىڭىز بىلەنمۇ كۆرۈشمەمسىز؟
— ياق، ئۆلگۈرمەيمەن، مەن باردىم دېگەندىمۇ ئۇ تەرەپتە ئادەمنى تولا ئاۋارە قىلىدۇ، شۇڭا ئۇدۇللا...
— مەن سىزگە بىر ياخشى ئامال كۆرسەتسەم قوشۇلامسىزمۇ؟
— نېمە ئامال.
— سىز ھازىر ئاپىڭىزغا تېلېفون بېرىڭ، بىزنىڭ ئۆيگە كەلسۇن، شۇنداق بولغاندا ھەممەيلەن جەم بولالايسىلەر.
— مەن بىلەن كۆرۈشۇشكە ماقۇل بولدىڭىزما؟
— ئىشقىلىپ ئەتە مەن ئۆيدە يوق، بولدى، سىزمۇ ئارام ئېلىڭ، سىڭلىڭىزغا كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ قوياي، ئۆيدە سىزنى ساقلاپ تۇرسۇن، خەير - خوش.
— ۋەي، ۋەي.
يۈرىكىم، ئاھ! مەن بۇ دۇنيادا يەنە ھاياتمۇ، بۇ كېچىدىكى پىغانلىق ئاچچىق ئەلەملىرىمنى يازسام - يازسام يېزىپ بولالمايمەن، ئەلۋەتتە ئاڭلىغان كىشىمۇ ماڭا ھەق دېيىشى مۇمكىن.
شۇنداق قىلىپ تەقدىر بىزنى يەنە بىر قېتىم

مۆكىمۆكۈلەڭ ئويناتقۇزدى، بەلكىم تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇ بولسا كېرەك. بىز كۆرۈشتۇق، ئەمما ئىلگىرىكىدەك، كىچىك چاغلىرىمىزغا ئوخشاش چوڭلار ئالدىدا تەڭرىنىڭ سالىمىنى قىلىشتۇق، پىنهان قالغىنىمىزدا بولسا، مۆكىمۆكۈلەڭ ئويناپ قىممەتلىك بۇ تۆت كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، تارىخىمىزدا ئەڭ چوڭ قىلالىغان ئىشىمىز ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىر پارچە رەسىمگە چۈشۈش بىلەن چەكلەندى، كېتىدىغان چېغىدا تۇنجى ۋە ئاخىرقى قېتىم بىللە ئولتۇرغان بولدۇق، ئاخىرىدا ئايروپورتقا چىقىپ ئۇزىتالمايدىغىنىمنى، ئىشلەيدىغىنىمنى ئېيتسام، ئۇ ھەيران قالدى.

— نېمە؟ سىز ئىشلەمسىز؟

— ھەئە، مېنى بىكارچى كۆرۈپ قالدىڭىزما؟

— ياق، مەن پەقەت...

— بولدى، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، —خوشلىشىۋاتقان مىنۇتلاردا قانداق ھېسسىياتتا بولغىنىمنى ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر ئادەم چۈشەنمەيدۇ، مېنى نېمانچە قىلىدۇ دەپ ماڭا نەپرەتلىنىشى تۇرغانلا گەپ.

شۇنداق قىلىپ بىز ئايرىلغان بولدۇق، مەنمۇ تۆت كۈندىن بېرى ئىشقا بارمىغاچقا، نورمال ئىشقا چۈشتۇم، ئەمما ئىشقا كەلگىنىمدە باشلىقىم:

— نېمە بولدىڭىز؟ چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ؟ تېخىچە ياخشى بولالمىغان ئوخشىمامسىز؟ دەم ئېلىڭ، بۇگۈن

ئىشلىمەڭ، ــــ دەپ كەتتى. مەن بولسام هاكۋاقتىدەك جىممىدە تۇرۇپتىمەن.

باشلىقىم بۇ هالىتىمدىن ئەنسىرىدى بولغاي هەم قىلىۋاتقان ئىشىمىز جانغا تاقىشىدىغان ئىش بولغاچقا، مېنى دەم ئېلىڭ دەپ تۇرۇۋالدى.

ــــ مەن هېچنېمە بولمىدىم، بىردەمگىچە ياخشى بولۇپ قالىمەن.

ــــ ئىشلىيەلەمسىز؟

ــــ هە.

كېيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ بولغاندا:

ــــ باشلىق، ماڭا ئىككى سائەت رۇخسەت بېرىڭ، ئايروپورتقا چىقماقچى ئىدىم، بىر دوستۇمنى ئۇزاتقىلى، ــــ دېسەم، دەرهال ماقۇل بولدى.

چاپىنىمنىمۇ كىيىشكە ئۈلگۈرمەي ئايروپورتقا يۈگۈردۈم، ئەپسۇس مەن كەلگەندە ئۇ ئالىلقاچان مېڭىپ بولغان ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ قۇرلارنى ئوقۇغان ئادەم كىنومۇ دەپ قېلىشى مۇمكىن، رېئال دۇنيادا بۇنداق ئىش يۈز بەرمەيدۇ دەپ كىم كېسىپ ئېيتالايدۇ؟

چۈشتىن كېيىن نورمال ئىشقا چۈشۈپ، يېڭى تۇرمۇشۇمغا قەدەم باسماقچى بولدۇم، گەرچە ئۇ هەممىنى ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرلا نەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىدى.

ئەلۋەتتە مەن ئازابلارنى تارتىپ قېلىشقا، يەتكۈچە

ئازابلىنىشقا ھەقلىق.

كەچتە ماڭا يەنە تېلېفون قىلىپ ئۆزىنىڭ بېيجىڭغا كېلىپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خىل ھالەت بىزدە ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئوتتۇرىمىزدا ناھايىتىمۇ چوڭ ئاشقىلىق بولمايدىغان بىر داۋان باردەكلا، قانداق قىلاي، ماڭا ئاز ئىدى. تەڭرىدىن ئۆزۈمگە سەۋر ـ تاقەت، ئۇنىڭغا بەخت ـ ئامەت تىلەپ نەچچە كۈن ئۆتكۈزگەن بولدۇم، نەچچە كۈندىن كېيىن ئايپىسىمۇ، سىڭلىسىمۇ كەتتى، ئۇلارنى يەنىمۇ ئۇزۇنراق تۇتۇپ قېلىشقا مېنىڭ ئامالىممۇ قالمىدى، شۇنچە يالۋۇرساممۇ كېتىپ قېلىشتى.

كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كەلگۈچە ماڭا توختىماي ئۇنىڭدىن تېلېفون كېلىپ تۇردى، ئەمما پاراڭلىشىشقا مەندە ھېچبىر چارە يوق ئىدى، جاۋابسىز قېلىۋەرگەن تېلېفونمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ توختاپلا قالدى.

نەق بىر يىل ئۆتۈپ ياز پەسلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىر بىمارنى جىددىي قۇتقۇزۇۋاتاتتۇق، تېلېفونۇم ئەنسىز تىترەپ كەتتى.

ــــ تىنچلىقمۇ؟ مەن بەك ئالدىراش، ــــ دەپلا قويۇۋەتتىم، كېسەلنىمۇ قۇتقۇزۇۋالدۇق، ئۇف دەپ ئولتۇرۇپ بايامقى نومۇرنى ئەسلىسەم، ۋاي خۇدايىمەي، يەھيا ئاكام ئىكەن ئەمەسمۇ؟

ئۇ ئىككىنچىلەپ قايتا ئۇرمىدى، نەق بىر ئايدىن

كېيىنغۇ دەيمەن، ھاۋا خېلىلا ئىللىپ قالغان، پەرجاھانىمۇ دۈشمەننىڭ كۆلگىنىچىلىك بولسىمۇ ئىسسىپ قالغان ئىدى، ئىشتىن چۈشەي دەپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ تۇرسام تېلېفون تىترىدى، نومۇرغا قارىمايلا تېلېفوننى ئالدىم.

— ۋەي.

— ۋەي گەپ قىلىڭە!

— بۇ مەن، رەنا.

— ئەلۋەتتە كىم ئىكەنلىكىمنى پەرەز قىلىپ بولدىڭىز.

— ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

— ھەئە.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ رەنا، بىز مۇشۇنداق قىلىپ مۆكىمۆكۈلەڭ ئويناۋاتقىلى ئۇزۇن بولدى، سىزنى چوڭ قىلماق ماڭا بەك تەسكە توختىدى، ئەمدى بولسىمۇ چوڭ بولۇڭ بولامدۇ؟ مەن سىزنى كۈتۈۋېرىپ بىر يەرگە باردىم، سىزمۇ كىچىك بالا ئەمەس، ئەقىللىق قىز.

مەن ئۇندىمەستىن ياشلىرىمنى ئاققۇزغان پېتى ھەلا دېيەلەيتتىم پەقەت.

— گەپلىرىمنى ياخشى ئويلىنىڭ، ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار دەيدىغان گەپ بار، مەن سىزدىن ئايرىلالمايمەن، سىزگە بىر ماتېرىيال ئەۋەتتىم. ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مەن بىلەن ئىغىر كۆرمەي ئالاقىلىشىڭ، — دەپلا تېلېفون

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈلۈپ كەتتى.

توغرا، بۇ بىر يىلدىن بىرى پىنهان، يالغۇز، يەككە ـ يېگانە ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم، توغرا دەيسىز، ئۆزۈم كەلتۈرگەن دەرد ـ ئازاب.

دەرۋەقە ئۇ تېلېفون قىلىپ 10 كۈندىن كېيىن پوسۇلكا تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭدا ئۈچ پارچە قىلىپ تۈپلەنگەن ئورىگىنال بار ئىدى. بىرى شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىكى لەيلىنىڭ مەجنۇنغا يازغان خېتى، يەنە بىرى مەجنۇننىڭ لەيلىگە يازغان خېتى، كېيىنكىسى مۇشۇ داستاننىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى ئىدى. مەن بۇلارنى بىر خىل جىددىيچىلىكتە ئوقۇشقا باشلىدىم:

## لەيلىنىڭ مەجنۇنغا يازغان خېتى

«كۆڭۈلگە ئىشقتىن نۇر بەرگەن تەڭرى نامى بىلەن بۇ خەتنى باشلايمەن.

ئىشق مەيىنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئادەملەر بالالارغا مۇپتىلا بولۇشىدۇ. شۇ ئىشق مەيىدىن بىر سۈمۈرگەن كىشى مەست بولدى. مەست ئەمەس، مەجنۇن بولدى. كىملەركى، ئۇ مەينى سوۋغا قىلغان بولسا، پىراق زەھىرىنى قوشۇپ، ئۇنى ئاچچىق قىلدى. جۇدالىق بالاسىغا گىرىپتار بولغانلارغا ۋەسل شىپاسىنىمۇ سوۋغا قىلدى. پەرۋانىنىڭ چەكسىز كۆيۈشى، يېنىشى، شامغا ئوتنىڭ نېسىپ بولۇشىمۇ

شۇنىڭدىن. شۇنداق سۆز ئۇنچىلىرىنى چېچىپ، كېيىن سۆز گۆھەرلىرىنى مۇنداق زاھىر قىلدى: «چىن نەقىشلىرىنىڭ ئوخشىغان بۇ قۇرلىرى بىر شىكەستىلەنگەننىڭ بىر ئاغرىقتا يازغانلىرىدۇر. يەنى مەن زارۇ مۇپتىلادىن بۇ بالالاردىن قۇتۇلمىغان ساڭدۇر.

ھەي مېنىڭ ئىشق ئوتىدىكى يارىم قانداقسەن؟ كۆڭلى ئازار تاپقان كىمدۇر سېزىم قانداقسەن؟

ھەي، مېنىڭ ئىشقىمدا ھوشسىز بولۇش ئۇچۇن، ۋەسل مەيىدىن بىر ئوتلام تېتىمىغان! ھەي، مېنىڭ پىرقەتىمدە بېشىمغا تاش يېغىپ، مەڭ تاش بولسىمۇ بېشىمنى يوشۇرمىغان! ھەي، ھەجرىم ئوتىدا كۆل بولغان، ھەر شۇئلىنى گۈل دەپ بىلگەي! ھەي، غېمىم تىكىنىنى جېنىغا ئۇرغان، بۇلبۇلدەك پەريادىنى جاھانغا تارقاتقان! ھەي، ساراڭلىق زەنجىرىنى قولىغا سالغان، ۋەھشىيلەر قۇيرۇقىنى ئارغامچا قىلىپ بېلىگە باغلىغان! پىراقىم ئىچىدە ئەھۋالىڭ قانداق؟ ئىشتىياقىم ئىچىدە پىرىڭ نېمىدۇر؟

چاچلىرىڭغا تىكەن ـ چۆپ يېپىشقان، كىم بىر ـ بىردىن تارتىپ ئالاركىن؟ بېشىڭمۇ قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى ئىمىش، ئۇ يەردىن قۇشلارنى كىم قوغلاركىن؟ پەلەك پارچىلىغان بېشىڭغا كىملەر مەلھەم قوياركىن؟

يۈزۈڭگە چاڭ ـ توپا قونسا ئۇنى كىملەر ئېرتاركىن؟

غەم تېشىدىن تېنىڭ قانىسا، ئۇنى كۆز يېشى بىلەن

كىم يۇياركىن؟ قولۇڭغا كىرگەن تىكەنلەرنى كىرپىكى بىلەن كىم چىقىراركىن؟ جۇدالىق ئوتى تېنىڭنى كۆيدۈرگەندە، ئۇ ئوتقا كىم توپراق چاچاركىن؟ ئازارلانغان جىسمىڭ قومغا يېقىلغاندا، ساڭا كىم غەمخورلۇق قىلاركىن؟ يالغۇز ئۆزۈڭ پەرياد قىلىپ، ھەر تەرەپ يۈرگىنىڭدە پەقەت سايەڭ ماڭا ھەمراھ ئىكەن.

تاغلار ئاربىسى ئىسسىپ كەتكەندە، ئۇستۇڭگە پەقەت ھۇۋقۇشقىنا سايە سالىدىكەن. ۋەيرانلىقتا سېنىڭ غېمىڭ ھالاكەتكە يەتكۈزسە، بېشىڭ ئۇستىدە ھۇۋقۇشلار «ھۇۋ» دەپ ۋارقىرايدىكەن. ئايرىلىش ئاخشىمى بېشىڭنى ئالسا، ئاڭا ساڭا ياقىسىنى چاك قىلىپ باقىدىكەن. غەمدىن زەئىپلىشىپ دەشتتە ياتقىنىڭدا، قۇملار ساڭا تۆشەك ئىكەن. كېچىسى يىرتقۇچ ھايۋانلار ئەتراپىڭدا توپلاشقاندا، ئالدىڭدىكى شامىڭ بۆرىنىڭ كۆزى ئىكەن. قان يۇتۇش ئۇچۇن پىيالە ئىزدىسەڭ، لەيلىدىن باشقا ھېچنەرسە تېپىلمايدىكەن. قېشىڭغا چىۋىنلار قونسا، بېشىڭدىن قۇيۇن ئايلىنىدىكەن.

كاشكى قاراڭغۇ زىنداندا ئوخشاش ئالەم ماڭىمۇ شۇنداق نېمەتلەرنى بېغىشلىسا، كۈن - تۈن يولدىشىڭ بولۇپ، يولسىز يۈگۈرۈشتە ھەمراھىڭ بولسام... جاھاندا سەن بىلەن مەن بولسامۇ، پۈتۈن كائىنات يوق بولسا!... گاھىدا توختىساق، گاھىدا سەيلە قىلىپ يۈرسەك، بۇ ئالەمدە جىم تۇرمىساق. ئىككىمىز دىلكەشلىك بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ،

تىنچلىق بىلەن ۋىسال راھىتىنى سۈرسەك. باغرىڭ بەدىنىمگە دالدا بولسا، قوللىرىم دائىم بوينۇڭدا بولسا.

بېشىڭ گاھىدا مۈرەمگە تايانسا، قېشىڭ قوش ئېڭىكىمدە تۇرسا. گاھىدا ئۆزۈمگە ئۆزۈڭ ئارام بېرىپ، لەۋلىرىم ئاغزىڭغا بەھرە بەرسە، سايىگە ئوخشاپ سەن بىلەن بىللە ياتساق ـ دە، تېنىم تىلىگەن مەقسىتىگە يەتسە.

نېمە قىلايكى، پەلەكنىڭ بۇ ئورۇنسىز غوۋغالىرى مۇرادقا يەتكۈزمىدى. سېنىڭ غېمىڭ كۆپ بولسا، ئەر كىشى بولغىنىڭ ئۈچۈن بۇ ھېچنەرسە ئەمەس. قايسى تەرەپكە يۈگۈرەي دېسەڭ، ئېتىكىڭنى تىكەندىن باشقا تۇتىدىغان نەرسە يوق. ئېتىكىڭمۇ ئايىغىڭنى باغلىمايدۇ، ئۇنىڭ ھاشىيىسى (جىيەكى) مۇ ئايىغىڭغا كىشەن بولالمايدۇ. مەن ئاجىز بىر بىچارە، ئايىغى باغلاقلىق، ياق، بەلكى ئايىغى سۇنغان مېيىپمەن. يا تۇرۇشقا مەيلىم، يا مېڭىشقا ھەددىم يوق. يۈز خىل بالا كىشەنلىرىگە گىرىپتارمەن. يۈزلەپ ئەلەملەر ئۆيىدە مەھبۇسلۇق بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپتە ئار ۋە نومۇس. ئەرلەر مەجلىسىنىڭ زىبۇ زىننىتى شاراب، خۇشاللىقتۇر. خوتۇن كىشىنىڭ زىبۇ زىننىتى ـ توغرىلىق ۋە ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىشق مېھنىتى ئۈست ـ ئۈستىگە يامىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، نومۇس كەتكەندىن كېيىن ھەممىسى ھېچ نەرسە ئەمەس.

غۇنچە پەردىسىنى پارە قىلسا، رەھىمسىز پەلەك ئۇنى يوق قىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

سەنسىز غەملىرىم كەممۇ ئەمەس، سېنىڭدىن كۆپ بولمىسا ئازمۇ ئەمەس. سەن ئوت ئارىلاش ئاھ چەكسەڭ، مەن ئوتنى يۈرىكىمگە ياقىمەنۇ، لېكىن ئىس چىقىرالمايمەن. غېمىمدە ھەرقانچە ئاھ چەكسەڭمۇ، نەۋفەل بىلەن ئۇستىمىزگە قوشۇن تارتتىڭ. قەبىلەم ئۆزىگە بالا شاپىلاقىنى ئۇرۇپ، سارىيىم ئەھلىگە بۇلاڭ قورقۇنچىنى سالدىڭ. ئاتاممۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىمنى يەرگە تۆكۈشنى خالىدى. مەن شۇنچىلىك رەنج ۋە ئازارلار ئىچىدە بولسامۇ، يارىم مەقسىتىگە يەتسۇن دەپ كۆڭلۈم خۇشتۇر.

گەرچە مۇنداق ۋەقەلەر ھەرقانچە ھالاكەتلىك بولسىمۇ، ھەتتا يۈز ھەسسە بولغاندىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. يەنە مانا شۇنداق ئەپسانىلەرنىمۇ ئېيتىشىدۇ، گويا سەن نەۋفەل بىلەن تىلنى بىر قىلىپ، ئۇنىڭ بىزنىڭلەن ئۆيگە كۆز تاشلاپ، قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولۇپ ئىغىز ئېچىپسەن. بەختىڭ يار بولسۇن، ئەزبىرايى مەن بۇنىڭغا ئىشەنمىدىم. سېنىڭ مەقسىتىڭ شۇنداق بولسا، مېنىڭمۇ مەقسىتىم شۇدۇر. كۈنلەردىن بىر كۈن باغدا تاماشا قىلىپ يۈر، ئۇ سەنەمنى كۆرگەنىدىم.

ئۆزى دۇرۇس، ئەلگە مېھرىبان، بىر ئوبدان جانان دېسەممۇ بولىدۇ. ھەق تەبارەك ساڭا يولداش بولسۇن! بۇ خەيرلىك ئىشىڭمۇ مۇبارەك بولسۇن، ئاشۇ بىلەن خۇشال بولغان چاغلىرىڭدا، بۇ ئاغرىقنىمۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئەسلەپ قوي! ئىنساپىنىمۇ تاشلىۋەتمىگىن، بىزنىمۇ بىر يولى

ئۇنتۇۋەتمىگىن!»
مەجنۇن بۇنداق خەتنى ئوقۇپ بولغۇچە تېنى قەلەمدەك تىترەپ، ماغدۇرسىزلاندى. زەيد ئالدىغا قايتا ـ قايتا بېشىنى قويدى ۋە سەلدەك كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ ئەرز قىلدى:
«ھەي پارە بولغان يۈرەككە چارە ئىزدىگۈچى، مەلھەم ئارىسىغا نەشتەرلەرنى جايلاشتۇرۇپ كەلگەن! كەلتۈرگەن خېتىڭ جاننى ئازابلىدى، نېمە قىلاي ئەمدى جاۋاب يازغىلى ئەسۋابىم يوق.»
زەيد ئۆزى بىلەن بىللە قەغەز ـ قەلەم، سىياھ تەييارلاپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ مەجنۇن يېنىغا قويدى، مەجنۇن بولسا جاۋاب يېزىشقا باشلىدى.
زەيد جاۋاب خېتىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، جېدەللەپ يولغا راۋان بولدى. يۈگۈرۈشتە شامالغا ساۋاق بېرىپ، خەتنى دىلرەباغا تاپشۇردى.
ئۇ سۇمەنبەر خىلۋەتكە كىرىپ خەتنى ئاچتى، سۇمەن گۈلى ئۈستىگە چۈشكەن ئەنبەر ئۇۋاقلىرىنى كۆردى.
بۇ قارا قۇرلارغا تېزدىن كۆز سالدى، خەتتىن بولسا شۇنداق گۆھەرلەر تۆكۈلەر ئىدى.

## مەجنۇننىڭ لەيلىگە يازغان جاۋاب مەكتۇپى

«ئىشق ئېلىدىن قەلەم كۆتۈرگەن تەڭرى نامى بىلەن بۇ خەتنى باشلاي:

ئـۇ تـەڭرى شـۇنداق يەككـە ۋە يېگـانىكى، ئۇنـىڭ ئىپتىداسـى نامـەلۇم. ئـۇ شـۇنداق بـەرھاياتكى ئـاخىرىمۇ كۆرۈنمـەيدۇ. تـاغ پـاتقىقى ئۈستىگە مـۆلدۈر ياغدۇرغـان، قـۇم - توپا ئۈستىگە سۆرەم يۇرگۈزگەن. ھەر كىمنى پەرى يـۈز قىلغان بولسا، ئـاچچىق سـۆزلۈكنى ئۇنىڭغا ئـادەت ئەتكەن. ئـايرىلىش كۆلپىـتىنى قـاتتىق يـارىتىپ، غـەم شـەربىتىنى ئـاچچىق ياراتقـان. بىرىنى بولسا ئىشق ئوتىـدا كـۆيدۈرۈپ، مەشـۇقىنى رەھىمسـىز ئەتكـەن. نەچچـە - نەچچـە ئاشـىقلارنى غـەمكىن قىلىپ، مەشۇقلارنىڭ ئىستىكىگە بىدادلىق بەرگـەن. ئاشىق كـۆڭلىنى پـارچە - پـارچە قىلىـپ، مەشـۇقىنى ئۇنىڭدىـن خۇشـال قىلغـان. مەشـۇق تـەرەپ خىيـاللار يۈرگـۈزۈپ، ئاشىق ئىچىگـە ئوتـلار تۇتاشـتۇرغان! ئۇشـبۇ غـەم ۋە ئەلەملـەرنىڭ بايانى: جىنىم سەھىپىسىدىكى باغرىم نىشانىسىدۇر. ئىچى غىمىڭدا قان بولغان مەندىن، غىمى تىنىمدە جان بولغان ساڭا.

يـەنى رەسـۋالىق يـالقۇنلىرى ئىچىـدە كۆيگـەن، ئەپسـانە بولغـان بـۇ دىۋانىدىـن گـۇل يۈزلۈكلـەر ئارىسـىدىكى پەرىگـە ۋە يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولغان قۇياشقا، قانداق ھـەددىم بىلـەن دۇئـا قىلىـپ، يـۈز مەدھىيـە بىلـەن ماختـاي سـېنى؟ مەدھىيـەڭنى ئېيـتقىلى تىـل قېـنى. تىـل بولسـۇن گـەپ قىلالايتىمۇ؟ كۇننى ماختـاپ شەپەرەڭ قايسى كـۈن، قايسى تىـل بىلـەن ئېيتالايدۇ؟ سەۋسـەن ھەرقانچە تىـل ئۇزاتسىمۇ، گـۈلنى تەرىپلەشـتە دۇدۇقلىنىـپ قـالىدۇ. مـەن شـۇلاردەك

بولسامموْ، نائىلاج بىرنەچچە سۆزلەرنى دەيمەن:

هەي هۆسن ئۆلكىسىنىڭ پادىشاھى، پۈتۈن هۆسن ئەھلى بۇ ئۆلكىنىڭ قوشنىسىدۇر. هەي نازۇكەرەشمە بېغىنىڭ قىزىلگۈلى، قىزىلگۈل ئەمەس، بەلكى نازلار بىلەن تولغان باھار. هەي، لۇتپ جاھانىنىڭ باھارى، ئۆزۈڭ باھارنىڭ لەيلىزارى بولغان! سەھەر شاملى گۈل چاچقاندا، كۆڭۈللىرىڭنى پەرىشان قىلماسمىكىن؟ پەرداز بەرگۈچى ئوسما قويغاندا، قاشلىرىڭنى قايرىماسمىكىن؟ خۇمار كۆزلىرىڭ بىتاب ئىدى، ساق ۋە روشەن بولۇپ كەتتىمىكىن؟

چېھرىڭ ئوتىدىكى قارا خال ئەلنىمۇ ئۆزدەك كۆيدۈرەمدۇ؟ سۇمبۇل چاچلىرىڭ گۈل بەرگىگە تېگىپ، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندىمىكىن؟ يۈزۈڭنىڭ تېرىسى ۋە تال - تال چاچلىرىڭ، بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئابى تاۋى بارمىكىن؟ ئاغزىڭ كامالى تارلىقىدىن كۆزگە ئىلىنمايتتى، سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئۇ كۆرۈنەمدىكىن؟ ناز ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، يۈز ناز بىلەن ئەلگە سۆزلەمدىكەنسەن؟

كويۇڭدا مېنىڭدەك چۆپ ئوخشاش، ھەتتا چۆپتىنمۇ قەدىرسىز كىشى تېپىلمايدۇ.

كاشكى كۆزۈم ئويۇلسا ئىدى، كۆز ئەمەس بېشىم كېسىلسە ئىدى. كۆزۈمنىڭ ئۇ دىلرەبا ئۆزىگە چۈشۈشىنى ۋە جان بىلەن كۆڭلىنىڭ بالاغا دۇچار بولۇشىنى ئاۋۋالدىن بىلگىنىمدە ئىدى، ئىككى كۆزۈمنى كور قىلغان بولاتتىم. مەن كىم ئىدىم، بۇنداق ئەبەدىي دەردكە يولۇقۇش، زەررىگە

قوْياش هاۋاسىدا بولۇشلۇق نېمە ئىدى. تۇيۇقسىزدىن نەزىرىم ئۆزۈڭگە چۈشكەن بولسا، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار ئىدىكى. بۇنچىلىك دەردۇبالالار مەن شورلۇقنىڭ قارا بېشىمغا چۈشۈپتۇ. دىۋانە بولۇپ جاھاندىن چىقىپمەن، ئۆي - ماكانىمدىن ئايرىلىپ ئاۋارە بولۇپمەن. ھەر كۈن ئۆزگە بىر ۋادا ۋەتىنىم بولۇپ، ھەر كېچە يەنە تاشلاندۇق قاراڭغۇ يەرلەردە تۈنەيمەن. قۇملار مېنىڭ كۆرپە - تۆشىكىم، توقاچقا ئوخشىغان قۇياش بولسا مېنىڭ پېتىرىم بولدى. تاغ چوققىلىرى مېنىڭ ئېتىم، سامۇم شامىلى مېنىڭ تويلۇق تونۇم بولدى. گاھىدا ۋەھشىي ھايۋانلار بىلەن دوست ۋە سۆھبەتداش بولىمەن، گاھ ئۇلاردىنمۇ قاچىمەن.

مېنىڭ ۋەھشىتىم دەشت بويى يېيىلىپ، پۈتۈن ۋەھشىي ھايۋانلار، ھەتتاكى ئىبلىسلارمۇ مەندىن قورقۇپ قېچىشىدۇ. ۋەھشىي ھايۋانلار ۋەھشىتىمدىن ھەيران بولۇشىدۇ. قۇشلارمۇ كۆلپىتىمدىن رەنجىگەلەم تارتىشىدۇ.

بېشىمدىكى كۆلپەت ۋە بالالار ئەقلىگە سىغماس دەرىجىدە كۆپ، ھالسىزلىق بولسا مېنى ھەددىدىن تاشقىرى زەئىپ قىلىپتۇ. بىر خىل يوقلۇق ماڭا جىسىم بولۇپتۇ - دە، ئۇنىڭغا ۋۇجۇدۇم دەپ ئىسىم بېرىلىپتۇ. شۇنداق ھالسىز ۋە كۈچسىزمەنكى، يوگورگەندە ئۆمۈچۈك توردىن يىقىلىمەن. كۆكسۈمنى جۇدالىق تىغى يارا ئەتكىنىدىن، ھاشاراتلار قورقماستىن ئىچىمگە كىرىپ جايلىشىۋالغان. كۆكسۈم ئىچىگە كىرگەن چىۋىنلار غوۋغا قوزغىتىپ، چۈمۈلىلەر كۆزۈم

ئۆيىگە ۋەتەن قورۇشقان. شۇنداق قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى تارتسامۇ، يادىڭ ماڭا تىرىكلىك بېرەتتى (ھايات بېغىشلايدۇ).

شۇ چاغدا گۆھەرلەرنى چاچقۇچى قەلىمىڭ بىلەن يېزىلغان خېتىڭ ماڭا تەگدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ، سۆزلىرىدىن روھلاندىم. ھەر ھەرپىدىن يۇزلىگەن شەپقەت ۋە مەرھەمەتلەر تاپتىم. لېكىن، ئۇ خەتتە يېزىلغان ئىككى سۆز جېنىمغا قايتا ـ قايتا ئوت ياقتى.

بىرىنچىسى: نەۋفەل ۋەقەسى توغرىسىدا يازغىنىڭ.

يەنى «ئىككىڭلار قانخور قوشۇنۇڭلار بىلەن مېنىڭ قەبىلەمگە نەيزە سالدىڭلار» دەپسەن.

ھەي توۋا، بۇ قانداق بالادۇركى، رىشتىمنى ئەجدىھا ھېسابلىشىدۇ.

چىۋىنىڭ ئۆزى نىمە، ئۇ پىلىلىك خىيالىغا چۈشسە ياكى شىرلىك كۈچىنى سەتسە مۇمكىنمۇ؟

ۋەقە شۇنداق ئىدى، ئۇ لەشكەر بېشى (نەۋفەل) مېنى كۆرگەندە يىرتقۇچلار مېنىڭ قوشۇنۇم ئىدى. غېمىڭدە چارىسىزلىقىمنى ۋە ئىشقىڭدا جېنىمنىڭ دەرمانسىزلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر پەس يېنىمدا ئولتۇردى ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن بىلگىنىچە سۆزلەپتۇ. مەن بولسام بىردەم ئۆزۈمدە، بىردەم ئۆزۈمنى تۇتالمايتتىم ۋە بۇنداق ئەجەبلىنەرلىك ھال ئالەمدە كۆرۈلمىگەنىدى. ئۇ سۆزلەيدىكەن ئىزتىراپقا چۈشكىنىنى كۆرۈپ، نىمىدەپ جاۋاب



www.uyghurkitap.com

بەرگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن ئۆيگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزۈڭگە مەلۇم ئىشلار بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچىنى تېزدىن ئاڭلاپ، جېنىمنىڭ بارىچە يولىنى توسۇشقا تىرىشتىم. نەتىجىدە ئۆچ خەنجىرىنى غىلىپىغا سالدى ۋە ئۆز ئۆيىگە قايتىپ تىنچلاندى. ئۇ مېنى ئالداش ئۈچۈن ئۇرۇنغان ۋاقىتتا مېنىڭ ئۆيلىنىشىم توغرىسىدىمۇ سۆزلىگەنىكەن. ئۇنىڭ نېمىلەر دېگىنىنىمۇ ئاڭلىمىدىم. ئۆزۈم نېمىدەپ جاۋاب بەرگىنىمنىمۇ بىلمەيمەن. يادىمدىنمۇ چىقىپ كەتكەنىكەن، نامەڭنى ئوقۇغاندا يادىمغا چۈشتى.

بۇنداق ئىشلارنى ماڭا نىسبەتەن بېرىش، مۇرۇۋۋەت ئەھلىنىڭ ئىشى بولمىسا كېرەك! مەن ۋاپا كۆرمەنمۇ دەپ، بۇنچىلىك باالارنى كۆرمەن. سەن بولساڭ بۇنداق مۇددىئالارنى خىيال قىلىسەن. سېنىڭ يازغانلىرىڭنى قانداق رەت قىلاي، ھوشسىز كىشى ھەرنەرسە قىلىسىمۇ قىلىدۇ. جۇنۇن غوۋغاسىغا مۇپتىلا بولۇپ، باشتىن - ئاياغ ئۆزۈمنى يوقاتقانمەن. خېتىڭگە كۆڭۈل ۋە كۆزۈم قۇربان بولسۇن. لېكىن، ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا سۆزۈم بار: نەۋفەل توغرىسىدا ئېيتقانلىرىڭنى مېنىڭدىن كۆرمە، مەن بۇنداق خاتالارغا يۈرمەيمەن.

بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقنىڭ بەرگەن دىۋانىلىكىدىندۇر. ئىشق ۋە جۇنۇنغا بولسا ئۆزۈڭ سەۋەبسەن! ئۆيلىنىش توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆز ئىشىڭنى ماڭا تۆھمەت

قىلدىڭ. چۈنكى، ئىبنى سالام سېنىڭ خىيالىڭنى قىلىپ، ھەتتا ۋىسالىڭ تەمەسىدە يۈرۈپتۇ. ئاناڭ بولسا ئىبنى سالام كۆڭلىنى رازى قىلىپ، ئۇ نېمە خالىغان بولسا كۆنۈپتۇ. سېنىڭ رازى ۋە رازى ئەمەسلىكىڭنى بىلمەيمەن، بىلمىگىنىم ئۈچۈن تۆھمەتمۇ قىلمايمەن.

ھەي ـ ھەي، بۇ قانداق ئەپسانىلەر؟ چېگرىدىن تاشقىرى قانداق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ـ ھە؟ گويا ئىشق ـ سەۋدايىلىق يولۇمنى ئۇ توراپ، ھوشۇمنى تەلۋىلىك شامىلى سورۇدى. ئەقىل بىلەن سۆزلەش شوئارىم ئەمەس، بىكارچى سۆزلەر ئېيتىشقىمۇ ئىختىيارىم يوق.

ھەي، پەرىگە ئوخشىغان ھۆر! مەن تەلۋىمەن. ئۆزۈڭنى پىنھان تۇتىسەن، سېنىڭ غېمىڭدە نابۇر بولدۇم. نابۇر كىشىدىن قەيەردە مەنىلىك سۆز چىقىدۇ! يوقنىڭ سۆز ۋە خىتابلىرىنىمۇ يوققا ھېسابلاش كېرەك. يوللۇق يوقلۇق ماڭا يوللۇق بولغانىكەن، سەن بار بولغىنىڭدا، بۇ يوققا يار بولغىن.

ئىقبال ۋە بەخت يارىڭ بولسۇن. جانلىقلار بولسا، ساڭا قۇربان بولسۇن.»

بۇ خەتنى ئوقۇغۇچە دىلكەش يار خەت پۈتۈلگەندەك سۇنۇپ كەتتى. كەچكىچە خەتتىكى ھەربىر سۆزنى ئويلاپ، خەتكە ئوخشاش تولغىنىپ ـ تولغىنىپ كەتتى.

ئاخىر ئىنساپقا كېلىپ، ھەقىقەتەنمۇ ئۆز سۆزلىرىنىڭ جاۋابى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

مەن بۇ ئىككى پارچە خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەھيا ئاكامنىڭ نېمە مەقسەتتە بۇ خەتنى ئەۋەتكەنلىكىنى

تــازا ئاڭقىرالمــاي گاڭگىــراپ قــالدىم. بىــردەم ســۈكۈتتە تۇرغــاندىن كېيىـــن ئۈچىـــنچى پــارچە ماتېرىيــالنى قولۇمغــا ئالدىم. ئۇنىڭدا «لـەيلى ـ مـەجنۇن» داستانىنىڭ ۋەقـەلىكى يېزىلغــان ئىكــەن. مــەن ئىلگــىرى ئەلىشــىر نــەۋائىينىڭ ئاشـۇنداق نـامدىكى بىـر داسـتانىنىڭ بـارلىقىنى بىلسـەممۇ ئەمما مـەزمۇنىدىن تـازا خـەۋىرىم يـوق ئىـدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنــى يــەھيا ئاكــام ئەۋەتكــەن بولغاچقــا، ئــالدىنقى ئىككــى خەتنى ئوقۇغان قىزغىنلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدىم:

ئــەرەب ئېلىــدىكــى بەدەۋلــەت قەبىلىســىنىڭ بىرئــالىي ھىممەت باشلىقى بار بولۇپ، ئۇ پەرزەنتسىزلىكتىن قاتتىق ئــازابلىنىپ، بىــر ئوغــۇل پــەرزەنت كۆرۈشــنى تولىمــۇ ئــارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ تىلىكى ئاخىر ئەمەلگە ئېشىپ بىـر ئوغـۇل پەرزەنت كۆردى. ئۇ ئوغلىغا قـەيس دەپ ئـات قويـدى ھـەم ئۇنى تولىمـۇ پەپىلەپ ئۆستۈردى. بـالا چىـرايدا يېگـانە، چوڭقـۇر پىكىرلىك ۋە ئوماق چوڭ بولدى.

تــۆت ـ بــەش ياشــلىق قــەيس تــەجرىبىلىك بىــر تەربىيىچىگــە تاپشــۇرۇلدى. ئــۇ مەكتــەپ يېشــىغا يــەتتى. ئەپسۇسكى بۇ قـەبىلىدە مەكتـەپ بولمىغاچقا قەيسنى باشقا بىر قەبىلىدىكى مەكتەپكە بېرىشكە توغرا كـەلدى. ئۇ قەبىلە باشلىقىنىڭ لـەيلى ئىسىملىك ناھايىتى گۈزەل بىـر قىـزى بـار ئىـدى. ئـۇ قـەبىلىدە شـۇ قىـز ئۈچـۈن مەخسـۇس مەكتـەپ ئېچىلغـان بولـۇپ، باشـقا بـالىلارمۇ بـۇ مەكتەپتە ئوقۇشـاتتى. قەيس مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆگىنىشتىكى زېھنىي ئـۆتكۈرلۈكىنى نامايـان قىلىـپ، مەكتـەپ بويىچـە بىردىنبىـر

ئۆلگىگە ئايلاندى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىتاپلىقتىن ساقىيىپ مەكتەپكە كەلگەن لەيلى قەيسنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن، ھەر ئىككىيلەننىڭ يۈرىكىدە كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتى پەيدا بولدى.

بىر كۈنى لەيلى ساۋاقداشلىرىنى باغ سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى. تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە قەيسمۇ بار ئىدى. بىراق قەيس بۇ باغدا سەيلە قىلماي بەلكى گۈلزارلىقتا بىكىنىۋېلىپ يىغلاپ كەتتى. تۇيۇقسىز بۇ مەيدانغا لەيلى كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى. پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان قەيس لەيلىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى ۋە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. لەيلى قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇنىڭ بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى قەيسنىڭ يۈزلىرىگە تامدى. بۇ كۆرۈنۈش ئاستىغا كېلىپ قالغان ئىككى كېنىزەك تولىمۇ ھەيران بولدى. لەيلى بارگەپنى بۇ ئىككى كېنىزەككە ئېيتتى. بۇ ئىككىيلەندىن دەردمەنرەك بىرى لەيلىگە «قەيسنى بىزگە تاپشۇرۇپ ئۆزۈڭ قەبىلىگە قايت. بۇ ئىشتىن ھېچ قانداق كىشى خەۋەردار بولمىسۇن» دېدى. لەيلى ئۇنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلدى. كېنىزەكلەر باشقا بىر كىشى تېپىپ قەيسنى ئۇنىڭغا قالدۇردى. قەيس يېرىم كېچىدە ھوشىغا كەلدى. ئۇ سەرۋى گۈل ۋە يەسسەمەن ئارىسىدا ياتقان بولۇپ، بۇلبۇل ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە نالە قىلىپ، گۈل ئۇنىڭ مىسكىن ھالىنى كۆرۈپ ياقا يىرتىۋاتاتتى. نەرگەس ئۇنىڭ ھالىغا يىغلىغان بولسا، لالە ھىجراندا كۆكسىنى داغلايتتى. ئاخىر

ئاسمان گۇلشىنىنىڭ گۇللىرى تۆكۈلۈپ، يەر چىمەنىنىڭ غۇنچىسى تەبەسسۇم قىلدى. تاڭ يورۇدى. قەيس ئەتراپىدىكى گۇللەردە ئۆز يارىنىڭ جامال بەلگىلىرىنى ئۇچراتتى. سۇدا ئۇنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈشنى تىلىدى... ئۇ يەنە هوشىنى يوقاتتى. قىزلار قالدۇرۇپ كەتكەن كىشى قەيسنىڭ ئەھۋالىنى بىر چەتتە كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھالىدىن قەبىلىسىگە ــــ قەيسنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خەۋەر يەتكۈزدى. ھەممەيلەن يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى. قەيس ئۇلارنى كۆرۈپ ئىنتايىن خىجىل بولدى. ئۇنىڭ خىجالىتىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانىسى ۋە بارلىق خالايىق ئۇن چىقارماي قەيسنىڭ ئۆزىگە كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ قايتىپ كەتتى. قەيس شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ لەيلىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ مېڭىپ باراتتى. قەيس يىراقتا كۆرۈنۈۋاتقان ئوت يالقۇنى تەرەپكە قاراپ خىتاب قىلىپ: «غەم شامىدا قولۇمدىن تۇتۇپ، ھىجران تۈنىدە كۆزۈمنى روشەن قىلغىنىڭلار ئۈچۈن تەشەككۈر» دېدى. ئۇ ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاشۇ ئىتنىڭ ئۇنىڭ ئىشىكىدە پاسىبان بولغانلىقىغا خۇرسەن بولدى ۋە «يارىم قەلئەسىنى مېنىڭ ئۈچۈن سۆيگىن» دەپ يالۋۇردى. ئۇ ئاخىرى قەبىلىگە يېتىپ بېرىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى ۋە تۇپراقنى سۆيۈپ قاتتىق ئاھ ئۇردى.

لەيلىمۇ قەيس پىراقىدا بىتاقەت ئىدى. ئۇ قاراڭغۇ

كېچىدە ئۆزگىچە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال سىرتقا چىقتى: ھەممە ئىبغىر ئۇيقۇدا. لەيلىگە ئىزمۇ ئىز ئەگىشىپ ئۇنىڭ تەربىيىچىسىمۇ چىققانىدى. ئەسلىدە تەربىيىچى لەيلى ۋە ئۇ ھەقتىكى ھەممە ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گەپ ـ سۆزلەردىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ قەيسىنىمۇ ھەم ھۆرمەت قىلاتتى. لەيلى بىلەن قەيس بىر ـ بىرىنى كۆرۈپلا ھوشلىرىدىن كېتىشتى. تەربىيىچى ئالدى بىلەن لەيلىنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ، ئاندىن قەيسىنى بەزىدە كۆتۈرۈپ، بەزىدە سۆرەپ دىگۈدەك قەبىلە زېمىنىنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ قويدى.

قەيسنىڭ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكىنىدىن ئەنسىرىگەن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى ئىزدەپ، ئاخىر قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان يېرىدىن تاپتى ـ دە، ئۇنى ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلىشتى. بىراق ئۇ ھەر كۈنى دىگۈدەك يېرىم كېچىدە لەيلىنىڭ دەرگاھى تەرەپكە قاچاتتى. تۇتۇپ كېلىنىش ئۇنىڭ ئۇچۇن بەربىر ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق سەۋدايىلىقتا يۈرۈپ، ئۆز ئىسمى ۋە قەبىلىسىنىمۇ ئۇنتۇپ پەقەت لەيلىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنىلا تەكرارلايدىغان بولۇپ قالدى. قەيسنىڭ لەيلى ئىشقىدا مۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن خەۋەر تاپقان لەيلىنىڭ دادىسى قەيسنىڭ دادىسىغا پوپوزا قىلدى ۋە ئوغلىنى زەنجىردە باغلاپ قويۇش مەسلىھىتىنى بەردى. قەيس زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلاندى. ئۇ ئۆز ئەھۋالىدىن زارلىنىپ پىغان چەكتى. ئۇنىڭ تېنى شۇ قەدەر ئاجىزلىشىپ كەتتىكى، باشتا ئۇنى مەھكەم باغلاپ تۇرغان زەنجىرلەر بوشاپ، ئۇنىڭ باغلاقتىن ئاسانلا قۇتۇلۇشىغا شەرت

هازىرلاندى. ئۇ يەنە دەشت تەرەپكە راۋان بولدى.
شۇ كۈنى باغ سەيلىسىدىن قەلبىدىكى ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ قايتىۋاتقان لەيلى ئىبنى سالام ئىسىملىك بىر يىگىتنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ ناھايىتى دۆلەتمەن، ھەر قانداق مۈشكۈلنى ئاسانلا ھەل قىلىشقا قۇربىتى يېتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى كۆپ ۋە ئېسىل سوۋغا ـ سالاملار بىلەن لەيلىگە ئەلچى ئەۋەتتى. لەيلىنىڭ ئاتىسى ئىبنى سالامنىڭ بۇ تەكلىپىنى خۇرسەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ: «پەقەت بىر ئاز مۆھلەت ئۆتسۇن، چۈنكى ھازىر لەيلى كېسەلمەن» دەپ ئۆتۈندى. لەيلى قەيس دەردىدە قاتتىق غەمناك ئىدى. شۇڭلاشقا تەربىيىچىسى ئۇنىڭدىن بۇ سىرنى يوشۇردى. بىراق بىركۈنى لەيلىنىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدىكى بىر كالتە پەم قىز ئۇنى خۇرسەن قىلىش مەقسىتىدە ئىبنى سالامنىڭ لەيلى ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى. لەيلىنىڭ روھىي دۇنياسى قاراڭغۇلاشتى. لەيلىنىڭ قەيس، قەيسىنىڭ لەيلى دەردىدە چەككەن پىغانلىرىنى بايان قىلغۇچى بابلاردا داستاننىڭ ئەڭ تەسىرلىك يېرى بولغان ئىشق ئوتى مەزمۇنىغا كۆپ ئورۇن بېرىلگەنىدى.
قەيسىنىڭ سۆيگۈ ئالىمىدەك قاتتىق ئازاب چېكىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپ بولغان ئاتىسى ئۇنى كەبە زىيارىتىگە ئېلىپ باردى ۋە ئوغلۇم ئۇ يەردە مۇناجات قىلىپ، بۇ دەردتىن ئازراق بولسىمۇ خالاس بولسۇن، دەپ ئويلىدى. قەيس زىيارەت جەريانىدا ئاللاتائالادىن لەيلى ئىشقىنى

تىخىمۇ كۈچەيتىشنى، دەردىگە خىيالنى، جىسىغا ۋىسالىنى داۋا ۋە نىسىپ قىلىشنى تىلەپ كۆپ يالۋۇردى.

قەيسىنىڭ دادىسى مۇشكۇل ئەھۋالدا قالدى. چۈنكى يۇقىرىقى ئىلتىجالاردىن كېيىن مەجنۇن بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۆز مەنزىلىگە راۋان بولدى. ئۇنىڭ دادىسى ئەمدى تەقدىرىگە تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى. مەجنۇن تاغۇتاشلىقنى ماكان تۇتتى، لەيلى شەنىگە كۆپ غەزەل ـ شېئىرلار يازدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن لەيلىنىڭ نامى پەقەت چۈشمەيتتى. ئۇ ئاتا ـ ئانا، يارۇبۇرادەرلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۇنۇتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا كېيىكلەر ئولاشتى. چۈنكى مەجنۇن ئۇلارنىڭ ياخشى مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى مەجنۇن نەۋفەلگە ئۇچراپ قالدى. نەۋفەل ئەرەبلەر ئىچىدىكى مەشھۇر ھۆكۈمران بولۇپ، بۇ يەرلەر ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. كىشىلەردىن مەجنۇن قىسسىسىنى ئاڭلىغان نەۋفەل تولىمۇ ئەپسۇسلانغانىدى. چۈنكى نەۋفەلمۇ خۇددى قەيسكە ئوخشاش ئىشق دەردىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. ئۇ ئۆۋنى توختىتىپ مەجنۇننىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدا بولۇش مەسلىھەتىنى بەردى. ھەتتا مەجنۇننى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى بىجىرىپ بېرىشكە تەييار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمىسا ئۇنى ئۆزىگە پەرزەنت (كۈيئوغۇل) قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەجنۇن لەيلىگە ئېرىشىش ئىشتىياقىدا نەۋفەلنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. نەۋفەل

لەيلىنىڭ دادىسى قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ قىزىنى قەيسكە بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. لەيلىنىڭ دادىسى بۇ تەكلىپنى رەت قىلدى. نەۋفەل لەيلىنىڭ دادىسى باش بولغان قەبىلىگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. قەيس جەڭدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىدى. ئىككى ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. نەۋفەل قوشۇنى غالىب كېلىشكە باشلىدى. ئۆزى ئۇچۇن ئوڭۇشسىز بولۇۋاتقان ۋەزىيەتنى مۆلچەرلىگەن لەيلىنىڭ دادىسى: «ئەگەر ئۇرۇشتا يېڭىلسەم لەيلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. مەجنۇن چۈشىدە لەيلىنى كۆردى. لەيلى قەيسنى باغرىغا بېسىپ ۋىدالىشىۋاتقۇدەك.

مەجنۇن قاتتىق چۆچۈپ ئويغىنىپ، يۈگۈرگىنىچە نەۋفەلنىڭ قېشىغا باردى ـ دە، ئۇنىڭغا چۈشىنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە لەيلىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش تەقەززاسى بىلەن ئۇرۇشنى توختىتىپ لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىشكە نەۋفەلنى كۆندۈردى. ئۆزى بولسا يەنە دەشتكە قاراپ راۋان بولدى.

لەيلىنىڭ قەبىلىسىدىكى خەلق غالىب كېلىۋاتقان نەۋفەلنىڭ ئۇرۇشنى بۇنچە تېز توختىتىپ، بىر كېچىدىلا غايىب بولغانلىقىدىن ھەيران قېلىشىپ: «بۇ ئىشتا چوقۇم بىر ھىيلە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، باشقا تەرەپلەرگە كۆچۈپ كېتىشتى.

مەجنۇن دەشتى چۆلدە تەمتىرەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر يوچۇن ئادەمگە يولۇقۇپ قالدى. مەجنۇن غەمگە ئەسىر بولۇپ قالغان بۇ كىشىدىن ھال سورىدى. ئۇنىڭ

ئىسمى زەيد بولۇپ، لەيلى قەبىلىسىدىن ئىكەن. زەيد نەۋفەل ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆز قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، يولدا نەۋفەلنىڭ ئىككى لەشكىرى تەرىپىدىن بۇلىنىپ، بارلىق پۇل،ماللىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىكەن. مەجنۇن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئات، قىلىچ، قالقانلىرىنى بېرىپ: «تېزرەك قەبىلەڭگە قايت، لەيلىگە مەندىن سالام ئېيت» دېدى. زەيد خۇرسەنلىك بىلەن يولغا راۋان بولدى.

زەيد لەيلى ھۇزۇرىغا كېلىپلا مەجنۇننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. لەيلى مەجنۇنغا بىر پارچە خەت يېزىپ، زەيدنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىنى ئۆتۈندى. زەيد لەيلىنىڭ خېتىنى مەجنۇنغا ئەكېلىپ بەردى. لەيلى ئۆز خېتىدە مەجنۇندىن ئەتراپلىق ئەھۋال سورىغان، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئىشتىياقىنى بايان قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ قىزلىق نومۇسىنىڭ بۇ ئىشقا كاشىلا بولۇۋاتقانلىقىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. خېتىنىڭ ئاخىرىدا: «ئاتلا شالاردىن قارىغاندا نەۋفەلنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىدىغان ئوخشايسەن. ئەگەر راستلا شۇنداق بولسا مېنىمۇ ھەرگىز ئۇنتۇمىغىن» دەپ زار ـ زار يىغلاپ يازغانىدى.

مەجنۇن لەيلىنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، زەيد كەلتۈرگەن قەغەز ـ قەلەمنى ئېلىپ لەيلىگە جاۋاب خەت يازدى. مەجنۇن ئۆز خېتىدە لەيلىدىن ھال سورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۈستىدە مەخسۇس توختالدى. ئۆزىنىڭ ۋەيرانە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بولۇپ، نەۋفەل بىلەن بولغان ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى يازدى. ئاندىن ئېبنى

سالامنى ئەسلىتىپ لەيلىگە كىنايە قىلدى. لەيلى بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ مەجنۇنغا قىلغان ئاداۋىتىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

مەجنۇننىڭ دادىسى ئوغلىنى دەشتتىن تېپىپ، نۇرغۇن پەند ـ نەسىھەتلەردىن كېيىن ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. قەيس ئۆز قەبىلىسىدە ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋېلىندى. ئانىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ياخشى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ ئىززەتلىدى. بۇنىڭ بىلەن «مەجنۇن ئوڭشىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر كەڭ تارقالدى. بۇ خۇش خەۋەردىن ۋاقىپلانغان نەۋفەلمۇ ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن قەيسنىڭ دادىسى نەۋفەلنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتتى. نەۋفەل بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. بىراق شۇ كېچىسى مەجنۇننىڭ سەۋدالىقى يەنە قوزغىلىپ، دەشتى چۆلگە چىقىپ كەتتى. ئۇ يول تۆپىسىدە لەيلى قەبىلىسىنىڭ پادىسىغا دۇچ كەلدى. پادىچى ئۇنى تونۇدى. ئۇ مەجنۇننىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ ئۇستىگە قوي تېرىسىنى يېپىپ، پادىغا قوشۇپ ئېلىپ كەلدى. لەيلى ھەمراھلىرى بىلەن قوي سېغىشنى تاماشا قىلىپ كەلگەندە مەجنۇن ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، بىر ئەلەملىك ئاھ تارتتى ـــ دە، ھوشىدىن كەتتى. قويلار ئۈركۈشۈپ ھەريان قېچىشتى. لەيلى قوي تېرىسى ئارىسىدا بىھوش ياتقان مەجنۇننى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، يەنىلا بىھوشلۇق غالىب كەلدى. قىزلار لەيلىنى كۆتۈرۈشۈپ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كېتىشتى. قورقۇپ كەتكەن

پادىچى مەجنۇننى بىر تۆگىگە ئارتىپ يولغا سېلىۋەتتى. بۇ تۆگە مەجنۇننىڭ دادىسىغا ئۇچراپ قالغاچقا ئۇ ئوغلىنى دەرھال ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. مەجنۇن ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھوشىغا كەلدى ۋە خىجىللىق ئىلكىدە دادىسىدىن ئۆز قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى. ئۇ ئادەتتىكى چاغلىرىدا ئۆز ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى تەرك قىلمايدىغان، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇپ قالاتتى. دادىسى ئۇنىڭغا نەۋفەل بىلەن قىلىشقان سۆھبەت ۋە ۋەدىلەرنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن بۇ ئىككى ياشنىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. ئۇلار ئىككىسى خاس قالغان پۇرسەتتە قىز مەجنۇنغا: «سىز ھەقىقەتەنمۇ ئىشق ئەھلىنىڭ شاھى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسىز» دەپ، قەيسنىڭ لەيلىگە بولغان مۇھەببىتىگە تەھسىن ئېيتتى ھەمدە ئۆزىنىڭمۇ سۆيگىنى بارلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەت بارلىقىنى ئېيتتى ۋە مەجنۇندىن ئىجازەت سورىدى. مەجنۇن دەرھال قىزغا رۇخسەت بېرىپ ئۆزى دەشت ـ باياۋانغا قاراپ يول ئالدى. بۇ ۋاقىتتا ئاشىق يىگىت ئۆي كەينىدە ئاۋۋال ئۇ ئىككىسىنى، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش غەرىزىدە تەييارلىنىپ تۇرغانىدى، ئۇ بۇ خىل يۈكسەكلىكتىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە دەرھال ئۆيگە كىرىپ سۆيگىنىنىڭ ۋىسالىغا يەتتى.

بۇ كىچىسى لەيلىنىڭمۇ مەجبۇرىي تويى قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ئىبنى سالامغا قوشۇپ قويۇلغانىدى. ئەمما ئىبنى سالام مەينى كۆپ ئىچىۋەتكەچكە ھوشسىز ياتاتتى. ھەممە

ئۇنىڭ بىلەن ئاۋارە بولۇپ لەيلىنى ئۇنتۇشتى. لەيلى يالغۇز قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتى ـ دە، دەشت تەرەپكە راۋان بولدى. مەجنۇنمۇ شۇ تەرەپكە كېتىپ بارغان بولغاچقا ئۇلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ قالدى. پەلەك كەڭ ئاسماننى تۇم قاراڭغۇ قىلسا، جانىۋارلار ئۇلارنىڭ راھىتىنى بۇزماسلىقتا تىرىشاتتى. ئۇلار گويا بىر جان بىر تەندەك بولۇپ، بىرى قەنت، يەنە بىرى سۇغا ئايلىنىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇلار ئاخىرى تاڭ يورۇغاندىن كېيىن نائىلاج ئايرىلىشتى.

خەفەقان كېسىلىگە مۇپتىلا بولغان ئىبنى سالام ئەتىسى ئۆز يۇرتىغا كەتتى. ئۇ بۇ كېسەلدىن قاچان خالاس بولسا ئاندىن قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەجنۇن نەجد تېغىدا ماكان تۇتتى. ئۇ دائىم ئاشۇ تاغدا تۇرۇپ لەيلى قەبىلىسى تەرەپكە قارايتتى. ئۇ ئوخشاشلا ۋەھشىي ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلار ئارىسىدا يۈرەتتى.

مەجنۇن نەۋفەلنىڭ ئۆيىدىن كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى غەم ـ قايغۇدا قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەلگە مۇپتىلا بولىدۇ ـ دە، ئالەمدىن ئۆتىدۇ. مەجنۇن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. بىر كېچىسى ئۇ چۈش كۆرىدۇ، چۈشىدە بۇ ئىشتىن بېشارەت بولغاندەك قاتتىق ئەنسىزچىلىكتە تاغدىن چۈشۈپ، ئۇدۇل قەبرىستانلىقتا باردى ھەمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ، قەبرە بېشىدا نالە قىلىپ يىغلىدى، ئۇلاردىن ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ كۆز ياشلىرىنى تۆكتى.

www.uyghurkitap.com

ئاتا - ئانا ۋە سۆيگىنىدىن ئايرىلغان مەجنۇن قەبرىستاندا زارۇ زار يىغلاپ قاتتىق ئازابلىناتتى. شۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭ تېنى كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ، ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لەيلى سەراسىمىگە چۈشتى. ئۇ مەجنۇننىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. ھەتتا مەجنۇننىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىنىمۇ ئۆزىدىن كۆرەتتى. ئۇ پەلەككە غەزەپ بىلەن خىتاب قىلدى. بۇ خىل روھىي جىددىيچىلىك لەيلىنىڭ بەدەن ھارارىتىنى ئۆرلىتىۋەتتى. تېۋىپلار ئۇنىڭ كېسىلى ئالدىدا بىئىلاج قېلىشتى، ئۇنىڭ ھالى پەسلىمەكتە ئىدى. لەيلىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئىلاجسىز ئىدى. لەيلى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئانىسىنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ: « مېنىڭ دۇنيادىن قايتىدىغان ۋاقتىم كەلدى. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن ماڭا ئارتۇقچە ماتەم تۇتماڭ. مېنىڭ ۋاپاتىم خەۋىرىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ يۈرگۈچى غېرىبىم بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئۇ كىشىلەرگە ئۆز ئىشقىنى نامايىش قىلىپ يېنىمدا جان بېرىدۇ. ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ شاراپەتلىك تېنىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇسىڭىز، جان پەردىسىدىن كېپەن قىلسىڭىز ئەرزىيدۇ. ئاشۇ كېپەنگە مېنىمۇ يۆگەڭ، ئىككى تەنگە بىر كېپەن بولسۇن، ئۇنىمۇ ئۆز پەرزەنتىڭىز بىلىپ قىزىڭىز بىلەن بىر جايغا قويۇڭ» دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

مەجنۇن ناھايىتى خەستە ھالەتتە ياتقىنىدا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ئۆتكۈر نىدا ئاڭلىنىپ، لەيلىنىڭ كۆز يۇمۇش

ئـالدىدا ئىكـەنلىكىنى خـەۋەر قىلـدى. ئـۇ ياتقـان يېـرىدىن قاپلاندەك چاچراپ تـۇرۇپ، ئـۇدۇل لـەيلى قەبىلىسى تەرەپكە قـاراپ چاپـتى ۋە لـەيلى ياتقـان ئۆيگـە كـىرىپ كـەلدى. بـۇ ۋاقىتتـا لـەيلى مـەجنۇن توغرىسـىدىكى ۋەسـىيىتىنى ئـەمدىلا تاماملاپ تۇراتـتى. هـەر ئىككىسـىنىڭ كـۆزلىرى بىـر ـ بىرىگـە ئۇچراشتىيۇ، ئىككىلىسى تەڭلا جان ئۈزدى. ۋەسـىيەت بويىچـە ئۇلارنى بىر كېپەنگە ئوراپ، بىـر تاۋۇتقـا سېلىـپ بىرگـە دەپنـە قىلىشتى.

مەن بۇ ماتېرىياللارنى ئوقۇپ هەيران قالدىم. ئۇ ماڭا ئۆز مەقسـىتىنى باشـقىچە ئۇسـۇلدا ئىپـادىلەۋاتقاندەك بىلىـنىپ كـەتتى. مـەن ئۇيـان ئويـلاپ ـ بۇيـان ئويـلاپ ئـاخىرى ئۇنىـڭ مېنىـڭ ئـۆز ئـەدەبىياتىمىزدىن خـەۋىرىم بـار ـ يوقلۇقـىنى بىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق، يەنى لـەيلى ۋە مـەجنۇندىن ئىبارەت بـۇ ئىككـى پـاك مۇهەببـەت سـاهىبلىرىنىڭ مۇهەببـەت سەرگۈزەشـتلىرى ئـارقىلىق مېـنى تەسـىرلەندۈرمەكچى بولغـانلىقىدەك مەقسـىتىنى بىلگـەندەك بولـدۇم. شـۇ كېچـە كۆزۈمگە پەقەت ئۇيقـۇ كـەلمىدى. نېمـە ئۈچۈنـدۇر مـەن ئـۆزۈمنى ئۇنىڭغا لايىـق ئەمەسـتەك، ئۇنىـڭ ئويلىغـانلىرىنىڭ تېگىگـە يېتەلـمەيدىغان كالتـە پەمدەك هېس قىلىشقا باشلىدىم. نـە ئامـال كـىم مېـنى بۇنـداق بىلىمسـىز بولسـۇن دەپتۇ. مـەنمۇ ئۇنىڭغـا ئوخشـاش هەممـە جەهـەتتىكى بىلىمـنى ئۆگـەنگـەن بولسـام، ئۇنىڭغـا ئـازراق بولسـىمۇ، بىلىـم ۋە ئىدىيـە قـاراش جەهەتتـە لايىقلىشـالىغان بولسـام، ئۇنىمـۇ، ئـۆزۈمنىمۇ بۇنچـە ئازابقـا قويمىغـان بولاتـتىم. شـۇنداق خىيـاللار بىلـەن تـاڭ

ئاتقۇزۇۋېتىمەن.

15 كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە تېلېفون ئۇردى، مەن ئالدىم، ئەمما بۇرۇنقىدەك تارتىنچاق ئەمەس ئىدىم.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

— سىزنى بەك كۆپ ساقلىتىپ قويدۇم، كەچۈرۈڭ. رەنا، مەن ياخشى قىلمىدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە مىليون قېتىملاپ تېلېفون ئۇرغۇم كەلدى، ئەمما سىزگىمۇ، ئۆزۈمگىمۇ ۋاقىت بېرەي دەپ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ يۈردۈم، ئەلۋەتتە سىزنىڭ مېنى ئىزدىمەيدىغىنىڭىزنى بىلىمەن، ئەمما شۇنداق بىر مۆجىزە يۈز بېرىپمۇ قالارمۇ دەپ كۆپ تىلىدىم، ئەمما ئۇ خىل مۆجىزە تولىمۇ يىراقتا ئىكەن، ئاخىر بولماي ئۆزۈم قىلىشىم ھەم بەكلا ئالدىراش بولۇپ قالدىم مۇشۇ ۋاقىتلاردا.

كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم سىزنى ھەر ۋاقىت سانسىز قېتىملاپ خىيالىمدىن ئۆتكۈزىمەن، قاچانمۇ ھەر مىنۇت يېنىڭىزدىن كەتمەيدىغان بولارمەن، قاچانمۇ سىزگە شۇنچىلىك ئامراق ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن خۇشاللىق تاپىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلىيىتىمدە ئىسپاتلايدىغان بولارمەن دەپ نىدا قىلغۇم كەلدى. ئەمما مەن يەنىلا جىممىدە گېپىنى ئاڭلىماقتا ئىدىم، ئۆزۈمنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن، مەندە مۇھەببەتكە قارىغۇلارچە ئېسىلىدىغان ئىللەت يوق، ئەخمىقانە ئازابلىق ئىشلار تېخىمۇ يوق، ئەمما ۋۇجۇدۇمدىن

بىرخىل ئەستايىدىللىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ناۋادا سىزنىڭ كۆزلىرىمگە سىنچىلاپ قارىيالايدىغان پۇرسىتىڭىز بولسىدى، بىر ئاددىي قىزنىڭ يىگىتكە بولغان بارلىق ھۆرمىتى ۋە دوستلۇقىنى سادىق شېرىن بىر ئارزۇسىنى بايقىيالىشىڭىز مۇمكىن ئىدى، ئەمما سىز بۇلاردىن ھېس قىلالىشىڭىز بەسى مۇشكۇل بىر ئىش.

— رەنا، ئاڭلاۋاتامسىز، گەپ قىلىڭە؟

— ھە، مەن بار ئاڭلاۋاتىمەن، نېمە دەيمەن؟

— ئەۋەتكەن نەرسىنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئوقۇدۇڭىزمۇ؟

— ھەئە.

— ئەجەبا سىز بۇنىڭدىن بىرنەرسە ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — مەن قەستەن شۇنداق دېدىم.

— ياق دەۋاتىسىزغۇ؟ توي قىلايلى، ماڭا ئەمدى بولسىمۇ رازىلىق بېرىڭ، سىزگە ۋەدە بېرەي، كۆڭلىڭىزنى زەررىچىلىك ئاغرىتىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. سىزمۇ بىرەرسى بىلەن يۈرمەپسىز، يەنە قوشۇلمايدىغان نېمىسى بار، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى قانداق ياخشى كۆرۈشىمگەن ئىدۇق، ماقۇل بولمىسىڭىز ئاتا - ئانام ئۆيىڭىزگە كىرىدۇ، قېنى كۆرۈپ باقاي، شۇ چاغدا نېمىمۇ قىلالارسىزكىن!

ھاياجاندىن ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىم ئەلۋەتتە مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

خۇشاللىق ياشلىرىم ئىدى، شۇنداق قىلىپ تويى قىلىشقا پۈتۈشتۇق، ئاتا ـ ئانىمىز كۆرۈشۈپ ماڭا ئوغلىغا ۋاكالىتەن ئۈزۈكمۇ سېلىپ قويدى. نەچچە ئايدىن كېيىن ئۇ كېلىدىغان، بىز توي مۇراسىمىنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزىدىغانغا كېلىشكەن بىر كۈندە، ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى.

تېلېفوندا بىر قىزنىڭ يەھيا ئاكام توغرىلىق مەن بىلەن كۆرۈشىدىغان جىددىي بىر ئىشى بارلىقىنى بىلدىم، بىز دېيىشىۋالغان ۋاقىتتا دېيىشىۋالغان ئورۇندا ناتونۇش بىرسى بىلەن روبىرو ئولتۇرۇۋاتاتتىم، ئۇ قىزنىڭ ئېيتىشىچە، يەھيا ئاكام بار شەھەردە بىر قىز بارمىش، ئۇ قىز بىلەن يەھيا ئاكام ياخشى چىقىشىپ قالغانمىش.

— مەن توغرا چۈشىنىمەن، يات ئەلدە بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، دوستلار ئارا ياردەم، كۆيۈنۈش، ئارىلىشىپ ئۆتۈشلەر تەبىئىي، نورمال ئەھۋالغۇ؟

— ياق، ئىشلار سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك ئەمەس، — دەپ ئۇ ئىككىسىنىڭ دوستلۇقىنىڭ ھەرگىز ئادەتتىكى مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى، ئۇ قىزنىڭ يەھيا ئاكام بىلەن توي قىلغۇسى بارلىقىنى، ئۇ قىزنىڭ مۇھەببىتى مېنىڭ مۇھەببىتىمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق تۇرىدىغانلىقىنى دەپ كەتتى. يەھيا ئاكام ئۇچۇن تۆككەن ياشلىرى دەريا بولۇپ ئاققانمىش، ياش ئۇنىڭ كۆزىدىنلا ئەمەس، چېچىدىنمۇ چىقىدىغانلىقى، ئۇ قىزغا قارىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلماي تۇرالمايدىغانلىقىنى دەپ ئۆتتى، شۇڭا

مېنىڭ چېكىنىشىمنىڭ ئەڭ ئاقىلانە چارە ئىكەنلىكىنى، بولمىسا ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىپ، سەۋەبچىسى مەن بولۇپ قالارمىشمەن. بۇلارغا ئەمدى نېمە دەي؟ مەن ئۇ قىزنى خاتىرجەم قىلدىم ـ دە، ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشكەن ئۇ جايغا مەڭگۈ ئاياغ باسماسمەن دەپ ئويلايمەن.

رىزقى پېشانە شۇ بولسا مەندە نە چارە؟ يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلدۈم، ئاپامغا كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالمايدىغىنىمنى بىلدۈرۈپ قويدۇم، ئۇلارمۇ ماڭا باشقىچە پىكىردە بولۇشمىدى، ئەلۋەتتە مېنىڭ رايىمغا قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئىلگىرىكى ياشاش ئۇسۇلۇم بويىچە ياشاشقا تىرىشتىم، يىغلايدىغان ئىشلارنى ئەرزىمدۇ يوق، ئورنىغا كېلەمدۇ يوق، ئورنىغا كېلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئادەم سەۋرسىزلىك بىلەن ياش تۆكىدۇ، ئۇ ھامان ئورنىغا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكۈش ئەرزىمەيدۇ. مەڭ يىغلاپ بېشىمىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى قورۇق چۈشۈپ سەت بولۇپ قالىسىز، شۇڭا يىغلىماڭ، يىغلىماڭ دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئاپام مېنى ئازابلىنىپ قالامدىكىن دەپ ئويلاپ قالغان چېغى، ماڭا ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن ھېسداشلىق نەزىرىدە قاراپ كەتتى، بۇنداق ۋاقىتلاردا كۈلۈپ ئاللىنېمىلەرنى قىلىپ ئۇنتۇلدۇردۇم ھەم شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. يەھيا ئاكامغىمۇ تېلېفوندىمۇ توي قىلالمايدىغىنىمنى ئېنىق بىلدۈرۈپ قويدۇم، ئەمما سەۋەبىنى سورىمايدۇ دېگىلى بولامدۇ، مېنىڭ بۇنداق بالدۇر

تۇيۇقسىز بولغان بۇ ئىشتىن كېيىن ئاز ئەمەس يىللار ئۆتۈپ كەتكەچكە، ئۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمىدىم.

تۇرسۇن سىز يەنە نېمە قىلغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرەمسىز؟

---

تويدىن كېيىن، ئۇ يەردە ئاز كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتتۇق.

تويى قىلغۇم يوق دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئايرىلغان بولدۇق، ئۇ شۇ يوقاپ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ تېلېفونمۇ قىلمىدى.

پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن خىزمەتكە بېرىلىپ ئىشلەپ يۈرگەن مەزگىللىرىمدە، مېنىڭمۇ تۇيۇقسىز ئايروپىلاندا ئولتۇرغۇم، دېڭىز كۆرگۈم، ئۇ ئوقۇغان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى كۆرگۈم ئېلىپ، ئىدارىدىن رۇخسەت ئالدىم، تۇنجى قېتىم ئايروپىلاندا جۇڭگونىڭ جەنۇبىغا باردىم، خىيالىمدا ئەڭ تەرەققىي قىلغان شياڭگاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى كۆرمەكچى بولدۇم. پاھ، ئايروپىلانغا ئولتۇرسا نېمانداق پەيزى، قولۇمدا كىچىككىنە قول كومپيۇتېرى، ساياھەتچىلەر سومكىسى. ۋاي، بەئەينى شەھەر ئاتلاپ خىزمەت قىلىدىغان مۇخبىرغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدىم، ئايروپىلان ساقلىغاچ نۇرغۇنلىغان (مېنىڭ نەزىرىمدە) ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلەر ئارىسىدا كومپيۇتېرنى ئېچىپ، ئۇنى، بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرۇش، نېمىدېگەن پەيزى! كۆرمەكچى بولغان، ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان دېڭىزنىمۇ كۆردۈم، چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالغانلىرىمنى ئويلىسام، ھېلىھەم ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. مەن بەك خۇشال ئىدىم، نۇرغۇنلىغان ئۇنتۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۇنتۇشقا تىرىشاتتىم.

يەھيا ئاكا، ھېچنېمىگە قارىماستىن سىزگە ماقۇل بولغان بولسام بەلكىم بەختلىك بولار بولغىيتتىم، كۆرۈشۈشىمىزگە پەقەت ئىككى ئايلا ۋاقىت قالغان ئىدى، بەلكىم ئىككى ئايغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىتتۇ! ئەمما نېمىلا



www.uyghurkitap.com

بولمىسۇن مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، مەڭگۈگە مەڭگۈدىن بۇ ئۆزگەرمەس ئۇلۇغ بىر مۇھەببەت! ئويلاپ بېقىڭ، دېگەنلىرىم ئورۇنلۇق بولمىسا سىزنى ئۆلگۈدەك سۆيگىنىم تۇپەيلى تەلىپىڭىزگە ھېلىھەم قوشۇلىمەن ياكى بولمىسا بۇ كەلگۈسى ئازاب دېڭىزىغا سىزنى بىللە سۆرەپ كىرىشتىن ساقلاپ قالارمەن، ئالدىڭىزدا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، دېيەلمەيمەن ئەمەس ھۆرمەت قىلىمەن. ئىشقىلىپ مەن ھەممە بەدەللەرنى تۆلەشكە رازى ئىدىم، سىزنى خۇشال قىلىش مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر ئارزۇيۇم، لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىڭ، سىزنى ئەڭ ساپ، ئەڭ غەرەزسىز مۇھەببىتىم بىلەن ياخشى كۆرۈپ كەلدىم، شۇنداقلا چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن. پەقەت مېنىڭ سىزنى بۇ دۇنيادا مەندەك ناتىۋان بىرسىنىڭ ئۆزىڭىزنى ئۆلگۈدەك سۆيىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا شۇ يېتەرلىك، ئەسلىدىنلا سىزگە بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقى مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى، سىز خۇشال بولسىڭىز مەنمۇ خۇشال بولىمەن. ناۋادا سىزنى مەندىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغان، بەختلىك قىلالايدىغان ئاشۇنداق بىرى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن (مۇمكىن بولسا) دوست بولىمەن، كىم بىلىدۇ، ئۇ قانچىلىك مەپتۇن قىلارلىق، قانداق چىرايلىقلاردىن ھەم قانچىلىك يېقىملىق سۆزلەرنى قىلالايدۇ، مەن يەنە تىرىشىمەن، كەلگۈسىدە سىز تۇرۇۋاتقان يەرگە بەك بارغۇم بار، كۆنلەرنىڭ بىرىدە سىزنى يىراقتىن كۆرۈۋالسامۇ ئارقىڭىزدىن بەدىنىڭىزنى سىلاپ ئۆتكەن بىرەر تال يوپۇرماقنى

پۇرىيالىسامۇ، تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆرگەن بولىمەن. ئەگەر مېنى مەلىكە قىلىشىڭىزغا توسقۇنلۇق بولسا، دېدىكىڭىز بولۇشۇمغا توسقۇن بولماس، سىزنى سۆيۈشكە تەقدىرىم كاجلىق قىلسىمۇ، يىراقتا تۇرۇپ سېغىنىشىمغا توسالغۇ بولالماس، نېمىلا بولسۇن ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن، ئېغىزىڭىزدىن تۆكۈلگەن «ياخشى كۆرىمەن»، «سۆيىمەن» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىيالىدىم، بۇ گەپلەرنى مەيلى مېنى لايىق دەپ تونۇپ مۇنداقچىلا دېمىگەن بولۇڭ ياكى چىن يۈرىكىڭىزدىن چىقارغان بولۇڭ، بۇ ماڭا سىز تەرىپىڭىزدىن بېرىلگەن ئەڭ چوڭ سوۋغات، ئاخىرقى مىنۇتلارغىچە قەدىرلەپ ئۆتىمەن، يىغلىماستىن، ئىڭرىماستىن چىداشلىق بېرىمەن، سەۋر قىلىپ ئۆتۈپ كېتىمەن.

كەلگۈسۈم ھازىرقىدەك بىھۇدە تارتىۋالغان ئازابلىرىمچىلىك ئېغىر ئەمەستۇ، يېتەر.

سىزنى جەلپ قىلالىغۇدەك قۇدرەت مەندە قالمىغاندا يەنە يېپىشىۋېلىپ نە قىلاي؟ بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئىككىمىز ئەبەدىلئەبەد ئايرىلدۇق، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى بولدى، بەلكىم بۇلار كېيىنكى تۇرمۇشىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىڭىزغا ئاز - تولا ياردىمى بولۇپ قالار، مەن ياخشى ياشايمەن، ئەمدى ئارتۇق گەپ، ئارتۇق. شېكەرنىڭ ئېزى شېرىن.

شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىلىك ساياھىتىم ئاخىرلىشىپ يەنە ئىشلەپ كەتتىم، سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ئىدى، غەلىتە نومۇر، بۇ قېتىم ئۇنچە ھودۇقمىدىم، چۈنكى ماڭا چەت ئەلدىن تېلېفون قىلىدىغانلار بىر يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئۇ تېلېفوننى ئېلىپلا تىنچ ـ ئامانلىق سورىدى ۋە ئىككىمىزنىڭ ئىشىنىڭ مۇشۇ يەرگىچە بولىدىغىنىنى بىلىدۇرۇپ قويىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا بەختلىك بولۇڭ دەپلا تېلېفوننى قويىۋۇەتتىم. نېمە دېدىڭىز؟ دېگىنىڭچە قېلىپ قالدى، بەلكىم ئۇ ئېنىق ئاڭلىمىغان، ئەمما يۈرىكىم ئېنىق ئاڭلىدى، مەن ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم بەخت تىلىدىم، ئىلگىرى مەن خىيالەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان بولسام مانا بۈگۈن ئۇمۇ مەندىن ئايرىلدى.

ئىككىمىز ئەنە شۇنداق جىمجىت ئايرىلىپ كەتتۇق، شۇ كۈنى ئۇرۇمچىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يامغۇر ياغقان بولۇپ، مېنىڭ دەرد ـ ئازابلىرىمنىمۇ تەڭ بىللە ئېلىپ كەتكەندەك بولدى، ئۆزۈكنى قايتۇرۇپ بەردىم، مەنمۇ ئازاد بولغاندەك بولدۇم.

شۇنداق كۈنلەرنى بىرىدە يات ئەلنى كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم، قولۇمدىكى بۇ رەسىم، ئۇيپە چۈشكەن ئاشۇ بىر پارچە رەسىم ئىدى. ۋەتىنىمدىكى دېڭىزغا تاشلىۋېتىشكە كۆزۈم قىيماي مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم، يەھيا ئاكا، سەن ئەمدى يىراقلارغا كەت، مۇمكىن بولسا ئىككىمىز مەڭگۇ كۆرۈشمەيلى، سەن تىنىق ئالغان ھاۋادىن ئىككىمىز بىللە ئورتاق نەپەس ئالغۇدەك ئىمكانمۇ قالمىسۇن. شۇنداق قاتتىق يىغلىدىمكى، ياشلىرىم سەلدەك تۆكۈلۈپ دېڭىز سۈيىنى

تېخىمۇ تۇزلۇق قىلىۋەتتى. ئەمما مەن كۆپ يېنىكلەپ قالدىم، ئەمدى سېنى پىنھان ئەسلەيدىغانغا ھەققىم يوق، بەلكىم سەن ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ بولۇپ بولغانسەن، ئەمدى سېنى ئەسلەيدىغانغا باھانەم يوق، چۈنكى مەندىكى ئەڭ ئاخىرقى يالداماڭمۇ ھېلىدى ئۇكيالاندا ئالىلىقايالاقلاردا غايىب بولغۇسى، بەلكىم نەچچە يۈز يىلدىن كېيىن بىرەر لەھەڭنىڭ قورسىقىدىن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەمما ئۇ بوتۇلكىدا پۈلغا يارىغۇدەك ھېچنەرسە يوق، ئەمما پۈلغا سېتىۋالغۇسىز پاك مۇھەببەت بار.

يالغانچىلىقتا تولغان بۇ دۇنيا!

ئاھ تەڭرىم! بۇلۇتلارغا دېگىن، ئەمدى كۆز ياش قىلمىسۇن، ئۇلارغا سەۋر بەرگىن، خۇددى ماڭا سەۋر بەرگەندەك، مېنىڭ بىرلا نەرسىگە خۇشلۇقۇم بار، مېنى ئىنساپلىق، غەيرەتلىك بىر قىز قىلىپ ياراتقىنىڭغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، كۆز ياشلىرىم بىلەن دېڭىزغا قوشۇلۇپ كېتىشىمدىن ساقلىغىنىڭغا، گوياكى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلىغىنىڭغا مىڭ مەرتىۋىلەرچە رەھمەت. تەڭرى بۇيرۇمىغان ئىشقا، ھەر كىم چارىسىز. بۇ ئىشلارغا يەھيا ئاكامۇ، مەنمۇ گۇناھكار ئەمەس.

بۇنىڭ ھەممىسى تەقدىر ـ قىسمەت، يەھيا ئاكا، سىزمۇ شۈكۈر قىلىڭ، ئارتۇقچە غەم قىلماڭ.

كۆپ ناشۈكۈرچىلىكلەرنى قىلدىم، تەڭرىم، ماڭا سەۋر بەرگىن.

ئىنساندا بار بولغان گۈزەل ئەخلاقلاردىن بىرى سەۋر

قىلىش ۋە چىدامىلىق بولۇش، سەۋر قىلىش — كۆڭۈلنى خالىمىغان ئىشقا زورلاش ياكى شۇنىڭغا چىداشلىق بېرىش بولۇپ، رازى بولۇش ۋە بويسۇنۇش، سەۋرچان ياخشى تەبىئەتلىك كىشى خاتا ئىشلاردا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا يېقىن كەلتۈرمەيدۇ ، تەبىئىتى قانچىلىك تەلپۈنسۇن، خاتا ئىشلارنى قىلىشقا يول قويمايدۇ، ئۆزگە چۈشكەن سىناقلارغا چىداشلىق بېرىپ، تىت ـ تىت بولمايدۇ، غەزەپلەنمەيدۇ.

ئالىملار ئېيتقاندەك، ئۆتكەنگە ۋايساش ئاپەت، كەلگۈسىدىن بىئارام بولۇش گالۋاڭلىق بولىدۇ. ئادەم تەبىئىتى قىزىق يارىتىلغان، يوقىتىپ قويغان نۇرغۇن نەرسىلىرى ئۈچۈن خاپا بولىدۇ، ئەلەملىك ئازابلىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. ئەمما ئۇ، سەۋر قىلىشنى بىلسىدى، ھەممە ئىشلار ھازىرقىدىنمۇ كۆپ ياخشى بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئىنسان مەيلى سەۋر قىلسۇن ياكى سەۋر قىلمىسۇن بەربىر، لېكىن سەۋردىن ئەجىر بار، سەۋر قىلماسلىق گۇناھ.

سەۋر قىلىش، سەۋرسىزلىك قىلماسلىق چېنىقىش ۋە روھىي كۈرەش ئارقىلىق ئېرىشىدىغان گۈزەل ئەخلاق. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشى سەۋرچان، ئۈمىدۋار، چىدامىلىق، قاقشىمايدىغان، غەزەپلەنمەيدىغان، يامانلىقنى يامانلىق بىلەن قايتۇرمايدىغان، بەلكى يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان، ئەپۇ قىلىدىغان، سەۋەب قىلىدىغان، كەچۈرىدىغان ھالەتتە ياشىشىمىز كېرەككۇ...

شۇنداق قىلىپ كۆرمەكچى بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلگىنىمدە ھەممە نەرسە شۇ قەدەر گۈزەل تۇيۇلۇپ كەتتى، بۇنداق يەتتە ئىقلىمدا تېپىلمايدىغان جاينى ھېچيەرگە تېگىشمەيمەن ئەلۋەتتە، «كېسەل تولا ئالەمدە ساننى ئېلىپ بولماس، ساقىيىپ بەزلەر، بەزلەر ھايات قالماس. قۇتۇلدۇرمەن دېسەڭلا كۆپ شىپالىق ئىزدەڭلار، ئۇ ئالەمگە يول ئالسا، ھەرگىز ئويلاپ يۈرمەڭلار» دېگەن بۇ شېئىرنى ناھايىتمۇ ياخشى يېزىپتىكەن ھورسىكىي. ئىشلىرىم بىر ئىزدا مېڭىۋەردى، باشقىلارغا ئوخشاش ئەتىگىنى ئىشقا بارىمەن، كەچتە قايتىپ كېلىمەن، مانا مۇشۇنداق ئاددىي. ھەر قېتىم شائىر ۋېيتماننىڭ:

يۈزلەنگۈلۈك دەل - دەرەخ ۋە ھايۋان كەبى،
قارا زۇلمەت، جۇدۇن - چاپقۇن بورانلارغا.
يۈزلەنگۈلۈك ئاچ - توقلۇق ھەم نادامەتكە،
ئەلەم تولغان شۇ كۆڭۈلسىز زامانلارغا.

دېگەن شېئىرى ئېسىمگە كەلگىنىدە باشقىچە روھلۇق بولۇپ قالاتتىم.

بىر كۈنى كېچىلىك ئىسمېنىدا ئىشلەۋاتاتتىم، ھەممە ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ كېسەل تارىخلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئالدىمدا گىگانت بىرسى ماڭا قاراپ تۇرغاندەك

بولدى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈشۈمگە، يىللار مابەينىدە ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشقان، تەڭرىمدىن كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تىلىگەن ھەم ئۇنتۇيالمىغان يەھيا ئاكام تۇراتتى.

— يەھيا ئاكا!

— بىر ئۆمۈر ئاكا دېمەكچىمۇسىز، ئەمدى يول قويالمايمەن. مەن ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدىم، ئەمدى ھېچيەرگە كەتمەيمەن، سىزمۇ قېچىشنى خىيال قىلماڭ...